

# ئۇيغۇر خەلق توي - مەرىكە قوشاقلىرى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن



ISBN 7-5373-1545-0

9 787537 315456 >

ISBN 7－5373－1545－0
（民文）定价：9.50 元

# ئۇيغۇر خەلق توي-مەرىكە قوشاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئۇچقۇنجان ئۆمەر**

**قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى**

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间喜庆歌谣/乌其洪江·吾买尔编著—喀什:喀什维吾尔文出版社,2006.8
ISBN 7－5373－1545－0

Ⅰ.维… Ⅱ.乌… Ⅲ.维吾尔族—民歌—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I277.291.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第107118号

责任编辑:图尔迪·亚木古尔
责任校对:拜合提亚尔·加苏尔

**维吾尔民间喜庆歌谣**

编者:乌其洪江·吾买尔

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号　邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本　6.25印张
2006年8月第1版　2006年8月第1次印刷
印数:1 — 3080　　定价:9.50元

---

如有质量问题,请与我社联系调换　电话:0998—2653927

本书主要包括维吾尔族传统民间喜庆歌谣。

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى يامغۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار جەسۇر

# ئۇيغۇر خەلق توي-مەرىكە قوشاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تارىبوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 6.25
2006 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3080

---

ISBN7 — 5373 — 1545 — 0
باھاسى: 9.50 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ مول مەزمۇ-
نى، تېماتىك رەڭدارلىقى، تارىخىي ئەھمىيىتى، ئىلمىي
قىممىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇنەۋۋەر مىل-
لىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل،
ئەڭ پارلاق دۇردانىلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. سۆز
سەنئىتى بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىدىن
مەيدانغا كەلگەن توي - مەرىكە قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق
قوشاقلىرىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇنىڭدا
بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى مەزمۇن، ئۆزىگە خاس مۇكەممەل
ئاھاڭ، جانلىق، ئامىباب، خىلمۇخىل شەكىل ۋە ۋارى-
يانت، كۈچلۈك لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر مۇجەسسەملەن-
گەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە
خاس يەرلىك پۇراق ناھايىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.
خۇددى لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «بىر دەۋردىكى
خەلق قەلبىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ماتېرىيالى»
سۈپىتىدە قامۇسلاردىن ئورۇن ئالغان.

هالبۇكى، كەڭ ئامىنىڭ توي - مەرىكە، بەزمە -
مەشرەپ، تۈرلۈك چاي ئولتۇرۇشلىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش
سورۇنلىرىدا ئوقۇلىدىغان توي - مەرىكە قوشاقلىرى شاد-

لىق، قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىيا-
سىي، ئىقتىسادى، تارىخى، تۇرمۇش ئادىتى، مىجەز -
خاراكتېرىنى روشەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ خەل-
قىمىزنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھ-
سۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە
قوشىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەنئەنىۋى مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىنى
توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئارقىلىق قېرىنداش مىل-
لەت خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇش، تەتقىق قىلىشنىڭ تارىخىي
ۋە رېئال ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. ئۇ، خەلقچىللىق،
دېموكراتىك، كەڭ - كۆشادە مەزمۇنغا ئىگە ئەنئەنىۋى
خەلق قوشاقلىرىنى ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا راۋاجلاندۇ-
رۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىستىك خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدە-
نىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە؛ باي، قۇدرەتلىك، دې-
موكراتىك، يۈكسەك دەرىجىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئى-
گە، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتا تېگىشلىك
ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىللىتىمىز مەدەنىيەت
خەزىنىسىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق، ئۆچمەس ناما-
يەندە، يىلتىزى چوڭقۇر، شاخلىرى كۆپ، مېۋىسى شې-
رىن، باراقسان گىگانت دەرەخ. مەن 50- يىللارنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدىن باشلاپ بۇ مېۋىلىك دەرەخ مېۋىلىرىنى بىر-
بىرلەپ تەرگۈچى، پەرۋىشلىگۈچى سۈپىتىدە 10 مىڭ كۈپ-
لېتتىن ئارتۇق ھەرخىل تۈر - ژانىردىكى خەلق قوشاقلى-

رىنى توپلىغان ئىدىم. «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى» ناملىق كىتابتىن كېيىن، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بۇ توپلام ئەنە شۇ جاپالىق مېھنەتنىڭ داۋامى ۋە ئىجراسى. يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى مۇشەققەتلىك ئىزدىنىش، خىزمەتلىرىمنى سەمىمىي قوللىغان كەسىپداشلار ۋە ئالىم، تەتقىقاتچىلارغا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى پۈتمەس - تۈگىمەس بىر خەزىنە بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئاھاڭغا چۈشىدۇ، توي- مەرىكە قوشاقلىرى تېخىمۇ شۇنداق. ئالىم، تەتقىقاتچىلىرىمىز كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، خەلق قوشاقلىرى كۆپ ھاللاردا ناخشىغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ، مۇزىكا - ئاھاڭلارغا سىڭىنىپ، توي - مەرىكە، بەزمە - مەشرەپ، چاي ئولتۇرۇشلىرىدا ئوقۇلىدىغان توي - مەرىكە قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن بىلەن مۇزىكا ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قەشقەر، ئىلى، قۇمۇل، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى توپلانغان قوشاقلاردىنمۇ توي - مەرىكە ۋە مەشرەپ قوشاقلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

«ئۇيغۇر خەلق توي - مەرىكە قوشاقلىرى» نى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا «ئەسلىگە سادىق بولۇش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن رەتلەش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە، ئىلمىيلىكىگە، يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىندى. بۇ نۇقتىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە ئىزاھلايمەن:

1. توي - مەرىكە قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل، تېماتىك دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، شۇڭا بىرەر قوشاقنىڭ ئەينەن گەۋدىسى مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن باشقا، ئۇنىڭ كۆپ خىل ۋارىيانتى ئىگىلەندى، ئۆلچەملىك نۇسخا ئاساسىدا توپلاپ رەتلەندى ۋە تولۇقلىنىپ، قېلىپقا چۈشۈرۈلدى.

2. بىر قىسىم توي - مەرىكە قوشاقلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل يېقىدىن قارىغاندا، ئابزاس - بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن ھالدا ئېيتىلىدۇ. بۇ قېتىم پرىنسىپ بويىچە ئەينەن ئېلىنىپ، شۇ پېتى رەتلەندى ۋە بۆلەك - قىسىملارغا ئاجرىتىلدى.

3. بەزى توي - مەرىكە قوشاقلىرى خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، خەلق داستانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇنداق قوشاقلارنىڭ ئەسلىي ناخشا نۇسخىسى ئەينەن بېرىلدى، داستان نۇسخىسىغا قىسقىچە ئىزاھات، چۈشەنچە بېرىلىپ، مەزمۇن تولۇقلاندى.

4. توي - مەرىكە قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇن بىردەكلىكى، ئىزچىللىقى، ئوخشاشلىقىدەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بىر تەۋە، بىر دائىرە، بىر لىنىيىدىكى قوشاقلار شۇ دائىرە، كاتېگورىيە بويىچە يىغىپ رەتلەندى. چېچىلىپ، ئالمىشىپ ۋە قىسمەن ئۆزگىرىپ كەتكەن كۇپلېت - مىسرالار شۇ دائىرىگە جۇغلىنىپ، ئاساسىي مېلودىيە ۋە ئاساسىي گەۋدە مۇقىملاشتۇرۇلدى.

5. توي - مەرىكە قوشاقلىرى ئىچىدىكى بەزى قوشاق-

لارنىڭ ھەرقايسى جايلاردا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تېكىست، ئاھاڭلىرىدىكى قىسمەن ئۆزگىرىشلەر، ئوخشاشماسلىقلار مەزمۇنغا تەسىر يەتكۈزەتتى، بۇخىل خاتالار ئەستايىدىل ئوڭشىلىپ، ئەينەن كۆپلېت - مىسرا، مەنىلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تېكىستنىڭ مۇقىملىقى ئىمكانىقەدەر ساقلاپ قېلىندى.

6. قىسمەن توي - مەرىكە قوشاقلىرىدىكى يەرلىك تىل (دىئالېكت)، شىۋە، گراممانتىكىلىق بىردەكلىك، مۇقىملىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ بەزمە - مەشرەپ، ئولتۈرۈش قوشاق - بېيىتلىرىدىكى ئۆزگىچىلىك ۋە يەرلىك پۇراق ئالاھىدە ساقلىنىپ، ئىزاھات بېرىلدى.

7. قىسمەن توي - مەرىكە، مەشرەپ قوشاقلىرى بۇرۇن نەشر قىلىنغان بەزى توپلاملار، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، تولۇق بولماسلىق، ئۆزگىرىپ كېتىش، قوشۇلۇپ قېلىش ياكى كەمتۈك بولۇش ئەھۋاللىرى ساقلانغان. بۇخىل ئەھۋالدا تەتقىقات قىممىتى ۋە پەرق - ئۆزگىچىلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا قايتىدىن بېكىتىلىپ ئېلان قىلىندى ۋە ئىزاھات بېرىلدى.

توپلامدىكى قوشاقلار خەلقىمىز تارىخىدا ئەسىرلەردىن بۇيان، دەۋر - زامانلار ئالماشقان ئەھۋال ئاستىدا ئۇزۇلمەي تارقىلىپ، داۋاملىشىپ كەلگەن توي - مەرىكە قوشاقلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. بۇنىڭغا بۈگۈنكى زامان، يېڭى دەۋر ۋە ھازىرقى توي - مەرىكىلەردە ئېيتىلىۋاتقان بەزى قوشاقلارمۇ تاللاپ كىرگۈزۈلدى. لېكىن، يىغقان، توپلاپ

رەتلىگەن ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى، سەۋىيەمنىڭ چەك-لىكلىكى، ئىزدىنىشىمنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى بەزى قوشاقلار نەزەردىن سىرتتا قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە كەڭ ئامما-نىڭ سەممىي تەنقىد، تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# مۇندەرىجە


هاي ـ هاي يۇلەن ........................... 1
قىز كۆچۈرۈش قوشىقى ........................ 5
يۇز ئاچقۇ قوشىقى ........................... 7
توي ئەتىسى قوشىقى ........................ 10
ئانا قوشىقى ................................ 11
يار سەنەم .................................. 12
ئاللا يارىم ................................. 16
تالى دەيدۇ، تالى دەيدۇ ..................... 18
قارا قاش ئىشقى ............................ 21
ئاھۇپىراق، ئىشتىياق ........................ 27
بادام قاپاق ................................ 32
هەي ـ هەي يىگىت ........................... 33
دەرد ئاغرىقى ............................... 34
زىنداندىكى ئاشىق ـ مەشۇق قوشىقى ........... 45
سوۋغات قوشىقى ............................ 47
جۇۋانلار .................................. 48
قارا كۆز .................................. 49
ئامان يار .................................. 50
تار جاھان ................................. 51
زەيتۇنىخان ................................ 52

ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ ........................ 54
گۈليارىخان ........................ 58
شەلىرىڭ ئامان ........................ 60
بۈلبۈلىجان ........................ 61
يارىم نە كەتتى ........................ 62
ئالمىخان ........................ 62
قەمبەرخان ........................ 65
زىبىخان ........................ 66
چىمچاچاق ........................ 67
سارىخان ........................ 68
نازىگۈل ........................ 70
بوز ئات ........................ 71
يارى - يار ........................ 72
گۈلمەرەم ........................ 73
لەيلىگۈل ........................ 75
ئادارگۈل ........................ 76
شاخ - شاخ چىنار ........................ 77
دوپپىڭىزنىڭ گۈلمەنا ........................ 78
سەيدىگۈل ........................ 79
ئەجەب قەندەك بالىكەنلا ........................ 80
ئاچا - ئاچا، جېنىم ئاچا ........................ 81
ئاق بىلەكىڭ بوينۇمدا ........................ 81
لەۋلىمە جانىم، لەۋلىرىڭىز ........................ 82
گۈل پاشا ........................ 83
قەشقەر ھاۋاخان ........................ 84

يارىم خۇمالىق .............................. 85
ئاللا بالىخان .............................. 86
نىساگۇل .............................. 87
دوست خېنىم، ئامان ـ ئامان .............................. 87
ئالتۇنجان .............................. 88
قەشقەرنىڭ جۇۋانلىرى .............................. 89
ۋاي سارىگۇل .............................. 90
جېنىم جورام .............................. 91
گۇللەللە .............................. 91
جانىم ئاينۇرخان .............................. 92
لەۋەن يارلار .............................. 93
ئايشەمگۇل .............................. 93
گۇلئايىم .............................. 94
مىزانگۇل .............................. 95
يارى ـ يار .............................. 96
چىمەندەگۇل .............................. 96
يارىگۇللا .............................. 97
گۇليار .............................. 98
ھەپىرەڭ خېنىم .............................. 99
گۇلئايشەم .............................. 100
ئاق بالىخان .............................. 100
ئاللا ـ باللا .............................. 101
ئاچىسىغا سىنچاي .............................. 102
ئالمىچى ئانارىڭ قەندەكمۇ .............................. 103
ئالانۇرخان .............................. 104

جىنەستە ........................ 104
سەيدەم ........................ 105
سەتەڭنى تاللاپ سۆيگەنلەر ........................ 106
مىراجىخان ........................ 106
يۇمىلاققا سەن يۇمىلاق ........................ 107
ھا ـ ھا ـ ھا ........................ 107
كاككۇك ........................ 108
توي قىلىپ چاتقان بىلەن (ھەجۋىي) ........................ 109
ئەر بىلەن خوتۇن (ھەجۋىي) ........................ 110
خېنىم ـ خېنىم، جانان خېنىم ........................ 111
يىگىت ـ يىگىت، مەردان يىگىت ........................ 113
بار ئىدى ........................ 113
قارا يورغا ........................ 116
گۇلەمخان قوشىقى ........................ 123
روزىلەم ........................ 127
قەمبەرنىسا ........................ 135
ئاللا خالىدەم ........................ 141
ئامىنەم ........................ 144
مۇز داۋان قوشىقى ........................ 153
چاي تۇتۇش قوشىقى ........................ 155
ئېيتىشىشلار ........................ 158
توي ـ مەرىكە ۋە مەشرەپ بېيىتلىرى ........................ 168

# هاي ـ هاي يۇلەن[1]

## 1

هاي ـ هاي يۇلەن، هاي يۇلەن،
گۇل قايدا بار؟
بىر ياخشىغا بىر يامان
هەر جايدا بار.

هاي ـ هاي يۇلەن، هاي يۇلەن،
بارمۇ هايات؟
قارچىغىدەك بويۇڭغا
بولدۇم سەيياد.

هاي ـ هاي يۇلەن، هاي يۇلەن،
مەن نە قىلاي؟
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى
پارە قىلاي.

---

① بۇ توي ناخشىسى گەرچە غۇلجا تەرەپلەردە ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ قەشقەردە كەڭ تارقىلىپ، توي ـ مەرىكىلەردە ئېيتىلغان.

ھاي - ھاي يۈلەن، ھاي يۈلەن،
قار كېلەدۈ.
بەرگى غازاڭ تونىنى كىيىپ
يار كېلەدۈ.

بەرگى غازاڭ تونىنىڭ
بەرگى تولا.
قىز ئالمىغان يىگىتنىڭ
دەردى تولا.

قارا - قارا قاغىلار
خاماندىدۇر.
قىز ئالمىغان يىگىتلەر
ئارماندىدۇر.

قىزىل - قىزىل پىيازنىڭ
پوستى تولا.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ
دوستى تولا.

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا
سىرغام چۈشتى.
سىنالمىغان يىگىتكە
كۆڭلۈم چۈشتى.

ئالا - ئالا كۆكىنەك
پاقا ئالۇر.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
خاپا بولۇر.

ئاپئاق - ئاپئاق توشقانلار
سايدا تولا.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
تويدا تولا.

يېشىل - يېشىل قارىغايلار
تاغدا باتۇر.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
قايدا ياتۇر.

سېرىق - سېرىق، سېرىق قۇش
هۇ - هۇ دەيدۇ.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر
ئارمان يەيدۇ.

2

هاي - هاي يۇلەن باشلادىلە،
ۋاي - ۋاي جېنىمەي.
گۇلنى ئېلىپ تاشلادىلە،
ۋاي - ۋاي خېنىمەي.

مىلتىق ئوقى هاۋادا
پىل - پىل قىلادۇ.
يارنىڭ ئوتى يۈرەكتە
ۋىل - ۋىل قىلادۇ.

مىلتىق ئوقى ئېغىر ئېمە،
ئۇيان غايلىماس[①].
يارنىڭ ئوتى يامان ئېمە،
ئاشىققا پايلىماس.

## 3

ئارپا - پۇرچاق، سامانىنى
شامال ئايرىيدۇ.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
دۈشمەن ئايرىيدۇ.

مەيلى قانداق تېۋىپ بولسۇن،
تومۇرنى تۇتار.
يار ئاغرىقى يۈرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم ئۇقار؟

تەرگەن بىلەن ئېلىپ بولماس
ساينىڭ تېشىنى.

① غايلىماس — قېيىپ كەتمەس مەنىسىدە.

دەرد كەلگەندە ئېرتىپ بولماس
كۆزنىڭ يېشىنى.

بارغىنىڭدىن، تۇرغىنىڭدىن
كەتكىنىڭ ياخشى.
بۇ دەردلەرنى تارتقىنىمدىن
ئۆلگىنىم ياخشى.

## قىز كۆچۈرۈش قوشىقى

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
تاڭلا كېلۇرمەن.
بىر قۇتىدا ئۇنچە ـ مارجان
ئېلىپ كېلۇرمەن.

بىر قۇتىدا ئۇنچە ـ مارجان،
ئۆزۈڭدە تۇرسۇن.
ئىككى قاراپ، بىر سۆيگىنىم
كۆڭلۇڭدە تۇرسۇن.

يىگىت كۆڭلى خۇش بولۇر
ئۇز خوتۇن ئېلىپ.
قىز كەلگەندە ئۇخلىشار
بىر ئورۇن سېلىپ.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
خۇش بولۇرسىز.
قارچىغىدەك يىگىتكە
دوست بولۇرسىز.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
تويۇڭ بولدى.
ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە
ئۆيۈڭ بولدى.

يىغلىما قىز، خۇشال بولغىن،
تويلىشىڭدۇر.
ئالتۇن بويلۇق بوز يىگىت
ئوينىشىڭدۇر.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
بەخت بېقىپتۇ.
كۆشۈگىڭگە ئالتۇندىن
مىخلار قېقىپتۇ.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
بەختىڭ بولۇر.
ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە
تەختىڭ بولۇر.

ئاپتۇۋادا سۇ قۇيسام،
ئىللىمايدۇ.
قىز ئانىسى ئۆگەيمىكىن،
يىغلىمايدۇ.

## يۇز ئاچقۇ قوشىقى

1

ئاققىنە ياغلىق ئىچىدە بىر تۇتام گۈل ساقلىدىم،
گۈلنى بېشىمغا ئېلىپ، تاجى قىلىپ ساقلىدىم.

بارچە خەقلەر تولا كەلدى، ھېچ كىشىگە باقمىدىم،
شۇنچە خەقلەر ئارىسىدىن ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.

كىچىككىنە باغ ئىچىدە يېڭى ئۈنگەن گۈل ئانار،
شۇ ئوماق، خۇشخۇي خېنىمنىڭ بويلىرىدا گۈلى بار.

ئاغزىدا بېيىت ئوقۇيدۇ، قولىدا كىتابى بار،
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك، ئاي يۈزىدە خالى بار.

2

ئوغۇل چوڭ قىلدۇق، بىر موللا ـ ئالىم،
خېنىم چوڭ قىلدۇق، زەر تولۇن ئايىم.

تاغدىن چۈشتى تاش بىلىق،
سۇدىن چىقتى شاش بىلىق.
نەدىن چىقتى بۇ لايىق،
بىر - بىرىگە خوپ لايىق
(ھەيران قالسۇن خالايىق).

ئاي چىقسا ئاي تۇغۇلۇر،
كۈن چىقسا كۈن تۇغۇلۇر.
ئالتۇن بويلۇق پەرىزات
ئەمدى كىمدىن تۇغۇلۇر؟

3

ئوي بازاردىن ئات ئالدۇق قوش،
ساغرىسى ئالا.
ئوي مەلىدىن قىز ئالدۇق بىز،
ئالتۇندەك بالا.

بىرى ئاق ئات، بىرى بوز ئات،
قاملىشىپ قالار.
ئاشىق - مەشۇق ئىككى ياشنىڭ
ئارزۇسى قانار.

4

قىزىلگۈللەر ئىچىدە
غۇنچىسىنى ساقلىدۇق.

شۇنچە خەقلەر كېلىشۇېدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدۇق.

سەگىش ئۇچۇن چىمەنزار
ئۆستەڭ بويى ياقلىدۇق.
جاندىن ئەزىز بالىمىزنى
ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق.

بالا قىلىسىلا ئايدەككىنە،
بويى قىرچىن تالدەككىنە.
كىشى كۆرسە گۇلدەككىنە،
خىزمەت قىلۇر ئەردەككىنە.

تار ئېرىقنى ئاتلىدۇق،
كەڭ ئېرىقنى قاتلىدۇق.
شۇنچە قىزلار ئارىسىدىن
خېنىم بالامنى تاللىدۇق.

5

بەشكېرەمدىن ئەنجۇر ئالدىم،
ئەنجاندىن راۋاب.
ئانىڭىزغا ئەلچى قويسام،
بەرمەپتۇ جاۋاب.

خۇدا قوشسا قوشار بىزنى،
ئاتىڭىز قوشماس؛
ئاشىقلارنىڭ مازارىنى
قىلىمەن تاۋاپ.

## توي ئەتىسى قوشىقى[1]

كېلىن كەلدى، قاراڭلار،
خۇشال هاردۇق سوراڭلار.
تەلىم بېرىپ سەممىي،
ياخشىلىققا بۇراڭلار.

× ×

ئەتىگەندە تۇرار بولغاي،
تۈڭلۈكنى ئاچار بولغاي.
ئىككى ئوغۇل، بىر قىزلىق،
ۋاقتى خۇش ئانا بولغاي.
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
يىلقا - كاللىق بولغاي،
ئۆچى ئۇزارغاي،

---

① ئۇيغۇرلارنىڭ توي - مەرىكە ئادەتلىرىدە، بەزى جايلاردا تويى بولغان قىز تويىنىڭ ئەتىسى ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ هۇجرىسىغا سالامغا كىرىدۇ. قىز ئۆيگە كىرگەندە، بىر مويسىپىت ئايال، كېلىنلەر سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، يۇقىرىدىكى مەزمۇندا تەنبىھ - نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئۈمىد - تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

تۇۋى يېيىلغاي.
مېھمانغا خۇش چىراي بولغاي،
كىشىگە يېپىشقاق بولغاي،
مۇلايىم، چىقىشقاق بولغاي!

## ئانا قوشىقى

كىچىككىنە قارا كۆز،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
تىلى تاتلىق، شېرىن سۆز،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

مەن بالامنى بەرمەيتتىم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
تويلۇقىنى ئالمايتتىم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

بالامدىن مەن ئايرىلدىم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
قاناتىمدىن قايرىلدىم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

ئۆيدە يالغۇز قالۇرمەن،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

كەتسەڭ قانداق قىلۇرمەن؟
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

ئۇچۇپ كەتتىڭ ئۆيۈمدىن،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
غايىب بولدۇڭ كۆزۈمدىن،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

شۇڭقارىمنى قاچۇردۇم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

## يار سەنەم

1

سايدا يۈرگەن جەرەننى
سەككىز دەڭلار، يار سەنەم.
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى
سىڭلىم دەڭلار، يار سەنەم.

تاغنى تۇمان - چاڭ باستى،
قار كېلىدۇ، يار سەنەم.
بەرگى غازاڭ تون كىيىپ،
يار كېلىدۇ، يار سەنەم.

ئەگرى - بۈگرى كوچىدا
ئىز كېلىدۇ، يار سەنەم.
كىمخاب تونغا پۈركىنىپ
قىز كېلىدۇ، يار سەنەم.

لەۋلىرىڭدىن بال تامار،
قەنتكە ئوخشاش، يار سەنەم.
بادام دوپپا كىيىپسەن،
ماڭا ئوخشاش، يار سەنەم.

ئاققىنا كۆڭلەك كىيىپ،
ئايغا ئوخشاش، يار سەنەم.
قىسىۋاپسەن قىزىلگۈل،
گۈلگە ئوخشاش، يار سەنەم.

قاشلىرىڭ قازى بولۇپ
يۈرت سورايدۇ، يار سەنەم.
كۆزلىرىڭ ئويناپ تۇرۇپ
جان ئالادۇ، يار سەنەم.

2

سىڭلىم، سىڭلىم، چاچلىرىڭ
يەرگە تېگەر، يار سەنەم.
قىز بويىغا يەتكەندە
ئەرگە تېگەر، يار سەنەم.

سىڭلىم ، سىڭلىم، تويۇڭنى
بويلاپ چۈشتۈم، يار سەنەم.
يىڭنە پاتماس تۆڭلۈكتىن
سويلاپ چۈشتۈم، يار سەنەم.

يۈسۈپ بىلەن زۈلەيخا
قېرىدىلا، يار سەنەم.
ئاشىق ئوتىن ئالەمگە
تېرىدىلا، يار سەنەم.

يۈسۈپ بىلەن زۈلەيخا
بولسا كىشى، يار سەنەم.
ئىشقىنىڭ يولىن ئۆلاردىن
سورىسا كىشى، يار سەنەم.

«ئېلىپ» بويلۇق، ئاي سەنەم،
ئاتىڭ نەدۇر، يار سەنەم.
ئاتلىرىڭنى بىلمەيمەن،
زاتىڭ نەدۇر، يار سەنەم.

نەدە سېنىڭ ماكانىڭ،
سەكپارىمەن، يار سەنەم.
كۆزۈڭ چولپان دىلبىرىم،
مەستانىمەن، يار سەنەم.

گۈل قېشىدا چىمەنگە
نە ئەتىۋار، يار سەنەم.
مۇرادىغا يەتكەنىنىڭ
ئامىتى بار، يار سەنەم.

3

يىراق يەردىن كولدىمەن،
خان ئەركىسى، يار سەنەم.
يېگانەڭنى ماڭا بەر،
يول خەجىسى، يار سەنەم.

كۆرپە جۇۋىنى سوغۇقتا
كىيسە ياخشى، يار سەنەم.
ئاشىق كىشى مەشرەپتە
سۆيسە ياخشى، يار سەنەم.

هاي - هاي ئېتىم بارىدا
خۇش كۆرىمەن، يار سەنەم.
مەن يارىمنى سېغىنسام،
چۈش كۆرىمەن، يار سەنەم.

هاي - هاي ئۇچقان بېغىرتاق،
بول ئادىشىم، يار سەنەم.
باراي دېسەم يول يىراق،
قېرىنداشىم، يار سەنەم.

قىز كېلىدۇ خىرامان
يارى بىلەن، يار سەنەم.
قىز ئانىسى يىغلايدۇ
زارى بىلەن، يار سەنەم.

ئاپتۇۋۇنغا سۇ قۇيسام
ئىللىمايدۇ، يار سەنەم.
قىز مەيلى بار يىگىتكە
يىغلىمايدۇ، يار سەنەم.

## ئاللا يارىم

ئاللا يارىم، خىيالىڭنى
بىلىپ بولمايدۇ.
سەنلەر يۈرگەن كوچىلاردا
يۈرۈپ بولمايدۇ.

ئاللا يارىم، باشىڭدىكى
مانچىستىر بۆكمۇ؟
كىچىكلىكتە ئوينار ئىدۇق،
ئەمدى يول يوقمۇ؟

ئاللا يارىم، كەڭ يايلاقتا
ئۆزۈڭ يايلامسەن؛

سىمىز قوينىڭ قوزىسىدەك
سەكرەپ ئوينامسەن؟

ئاللا يارىم، جامالىڭدىن
بولدۇم ۋەيرانە.
ئاشىق ئوتى يامان ئىكەن،
قىلدى دىۋانە.

ئاللا يارىم، ئوماقىمنىڭ
گۈلشەن بېغى بار.
يۈرىكىمنى يېرىپ باقساڭ،
كۆيگەن دېغى بار.

ئاللا يارىم، ئۆگزىسىگە
كىشمىش يېيىپتۇ.
سېنىڭ بىلەن يۈرگىنىمنى
دۈشمەن بىلىپتۇ.

ئاللا يارىم، بۇ دەردلەرنى
مەنلا تارتايمۇ؟
ئوتىڭىزدا كۆيۈپ - پىشىپ،
مۇزدا ياتايمۇ؟

ئاللا يارىم، كېۋەز بولساڭ،
يۆگىمەچ بولاي.

ئىرماشلىشىپ - چىرماشلىشىپ،
شېخىڭغا قوناي.

ئاللا يارىم، پاختا تەردىم
ئېتەكىمگە لىق.
ياخشى يارلار يامانلامدۇ،
چىقىرىپ قىلىق؟

ئاللا يارىم، ياغلىقىڭنى
پۈراپ، قاتلىدىم.
ئاق ئۆرۈكنىڭ مېغىزىدەك
چاقماي ساقلىدىم.

ئاللا يارىم، ئۆزگىلەرگە
قاراپ باقمىدىم.
سەندەك ياخشى يار ئۈمىدىن
تولۇق ئاقلىدىم.

ئاللا يارىم، مارجان كۆردۈم
نازۇك بوينۇڭدا.
بېلىق بولۇپ ئوينىۋالاي،
يايراپ قوينۇڭدا.

## تالى دەيدۇ، تالى دەيدۇ

تالى دەيدۇ، تالى دەيدۇ،
باغلارنىڭ تالى.

ئىبتسام ، ئىبتسام تۈگمەيدۇ
سەن يارنىڭ ھالى.

تالى دەيدۇ، تالى دەيدۇ،
ياڭاقنىڭ تالى.
يار ئۆياقتا يالغۇز قالدى،
يوقتۇر ئامالى.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ
مېنىڭ يارىمنى.
ئېگىز داۋان ئاشتى دەيدۇ
بويى تالىمنى.

يارى دەيدۇ، يارى دەيدۇ،
ياردا يوق ۋاپا.
يار ئېتىنى ئاتىماڭلار،
جانغا ئۇ جاپا.

دورا دەيدۇ، دورا دەيدۇ
قىچىنىڭ ياغىنى.
ئەقلى بولسا سۆيەرمىدى
كىشىنىڭ يارىنى.

ئەقلىم دەيدۇ، ئەقلىم دەيدۇ،
ئەقلىم ئىماندىن.

يارىمنى دەپ يىغلايمەن كۆپ،
كۆز يېشىم قاندىن.

سىم - سىم دەيدۇ، سىم - سىم دەيدۇ،
سىم - سىم قوينۇمدا.
قىلچە گۇناھ مەندە بولسا،
قىلىچ بوينۇمدا.

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا
چىراغ كۆيەدۇ.
چىراغ ئەمەس ، يارنىڭ ئوتى،
يۈرەك كۆيەدۇ.

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا
قۇرغۇي ئەگىيدۇ.
قۇرغۇي ئەمەس، يار سەلكىنى،
يۈرەك سەگىيدۇ.

سىم - سىم ئارىلاپ، سىم - سىم ئارىلاپ،
تاغلارنى بويلاپ؛
روشەن كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
قۇيرۇقى يەردە.

غانجۇغامدا تۆت سەر هاراق،
ئىچكىنىم نەدە؟

ئۇچتىن - ئۇچتىن تۇگمە ئالدىم،
ئالتە ئەمەسمۇ؟
ناداندۇرمەن، چۈنكى ئەقلىم
كالتە ئەمەسمۇ؟

يوللار يامان، يوللار يامان،
يولنى بىلمىسە.
مەن يارىمنى ئىزدىگەننى
دۈشمەن بىلمىسە.

يولدىن چەتتە ئۆلۈپ قالسا
قاغا يېمەمدۇ؟
قاغىلارمۇ قىيامەتلىك
ئاشىق دېمەمدۇ؟

## قارا قاش ئىشقى

قارا - قارا قاشلىرىڭغا
قاتساڭچۇ مېنى.
قارا قاشنىڭ بازارىدا
ساتساڭچۇ مېنى.

قارا قاشنىڭ بازارىدا
يارىمىسام گەر.
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ
ئاتساڭچۇ مېنى.

تاغ باشىدىن لاچىن ئالدىم،
باغرى كۆككىنە.
بۇ دۇنيادا تېپىلارمۇ
ئۆزەڭدەككىنە؟

بۇ دۇنيادا بولسا ئەگەر
ئۆزەڭدەككىنە.
قولىلىرىمغا قوندۇراتتىم
قۇرغۇيدەككىنە.

ئىشق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ
كۆيدۈردۈڭ مېنى.
جىلۋەڭ بىلەن مەپتۇن قىلىپ
ئۆلتۈردۈڭ مېنى.

چوڭ دەريانىڭ ئۇ لېۋىدە
كۆردۈم، يار، سېنى.
زۇلفىڭنى ئارقان قىلىپ،
ئۆتكۈزگىن مېنى.

ھېچ بىلمەيمەن، تەلەي بىزگە
كۈلۈپ باقامدۇ؟
ئىككىمىزنىڭ رىشتىمىزنى
ئاللا چاتامدۇ؟

ئېيتقىن، ئى گۈل، باغۇڭنىڭگە
سۆزۈم ياقامدۇ؟
ياقمىسا گەر، پۇلنى كۆزلەپ
ماڭا ساتامدۇ؟

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە
ئوينىاي دەپ كەلدىم.
ئاشىقلىرى بارمۇ يارىڭ،
سوراي دەپ كەلدىم.

ئالتۇن تارتقان تارازاڭدا
يامبۇ تارتايمۇ؟
كەلمەي - كەلمەي كەلگىنىڭدە
ئۆزۈم ئاتايمۇ؟

يارىم مېنىڭ سەپەر قىپتۇ،
مىنگىنى دۇلدۇل.
مەڭزىلىرى قىزىل ئالما،
چاچلىرى سۇمبۇل.

كۆرپە جۇۋا، بارى جۇۋا،
بەك بەلەن تاشلىق.
دىلدىن سۆيگەن بىر يارىم بار
قاپقارا قاشلىق.

خىلۋەت يەرگە ساراي سالدىم،
تۇڭلۇكى قىيپاش.
ئۇۋا سالدى تېنىم تاپماي
بىر جۇپ قارلىغاچ.

سېنىڭ ئاغزىڭدا ناۋات بار،
ۋە لېكىن مەن ئاچ.
يېگۇلۇكنى ئۆزۈڭ يەپ،
ماڭا چىراي ئاچ!

بېغىمىزدا ئالما تۇرسا،
شاپتۇلدىن يەپسەن.
مەن ئالدىڭغا بارغۇچە،
ئۆزۈڭلا كەپسەن.

كېلىسەنۇ، كېتىسەنۇ،
ساپلا قۇرۇق گەپ.
«سۆيىمەن» دەيسەن، ئەمەلدە
سۆيمەيسەن ئەجەب.

بارغىنىمدا ياز بولۇپتۇ،
يانسام زىمىستان.
ئۆتكەن كۈنۈم ئۆتمەمدىكىن،
ياردىن ئايرىلسام.

يارنىڭ قېشى قازى بولۇپ
يۈرتنى سورايدۇ.
كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇر
ئالدىم تورايدۇ.

ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە
ئويناي دەپ كەلدىم.
ياخشى دەمسەن، يامان دەمسەن،
سىناي دەپ كەلدىم.

خاھى پۈتكىن، خاھى پۈتمە،
خۇشتارمەن ساڭا.
ۋىسالىڭغا زار قىلماستىن،
كۆڭۈل بەر ماڭا.

ئات ئالساڭلار، تاي ئالماڭلار،
يولغا كىرمەيدۇ.
چېچى ئۇزۇن، قارا قاش يار
قولغا كىرمەيدۇ.

قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك
لەۋلىرى قىزنىڭ.
بىر ئۆپەلمەي ئۆتەرمىكىن
ئۆمرىمىز بىزنىڭ!

قارا - قارا قاشلىرىڭغا
قەلەم يۈگۈرتەي.
سەن يارىمغا يۈرىكىمنى
يېرىپ كۆرسىتەي.

ياخشى - يامان تەرىپىڭنى
بىلىپ يۈرىمەن.
ئوينىۋالسۇن ياشلىقتا دەپ،
كۈلۈپ يۈرىمەن.

كۆرۈنگەن تاغ ئارقىسىدا
باركەن قاقاس ساي.
قاقاس سايدا بىر قىز بارمىش،
گويا تولغان ئاي.

تولغان ئايدەك شۇ گۈزەلنىڭ
بوينىدا تۇمار.
سۈدىن چىققان گۆھەرسىمان
كۆزلىرى خۇمار.

ئىشىك ئالدىدىن ئېرىق ئالدىم،
ئاتلاپ ئۆتكۈدەك.
سۇزۇك - سۇزۇك سۇلار كەلدى،
زۇمرەت نەكېرەك.

سۇ تېگىدىن تېپىۋالدىم
بىر جۈپ قارا تاش.
كىچىكىمدە كۆيدۇرگەن شۇل
جېنىم قارا قاش.

بوينۇمدىكى تۇمارىمنىڭ
بېغى ئەۋرىشىم.
قاچانلىققا كۆرۈشەرمىز،
جېنىم سىردىشىم.

پىراقىڭدا كۆيدۇم شۇنچە،
ئاشىقمەن ساڭا.
ئۆۋالىمغا قالماي دېسەڭ،
قاراپ قوي ماڭا!

## ئاھۇپىراق، ئىشتىياق

ئاھۇپىراق، ئاھۇپىراق،
تارتتىم ئىشتىياق.

گۈل جامالىڭ دىلىمدىدۇر،
كۆزۈمدىن يىراق.

قۇلىقىمدا جاراڭلايدۇ
سۆزۈڭ كۈمۈشتەك.
پەرق ئېتەلمەي مەنىسىنى،
تۇردۇم گومۇشتەك.

تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ، كۆرمىدىم
سەندەك گۈزەلنى.
ئىشقىڭ بىرلە بۇ دىلىمغا
سالدىڭ غەزەلنى.

دەرۋازاڭدا بىر توپ سۆگەت،
قۇرغۇي كېتەلمەس.
سەندەك قىزنىڭ ۋىسالىغا
ھېچكىم يېتەلمەس.

يېتىمەن دەپ قول ئۇزاتسا
ئىختىيارىدۇر.
مەندە تۇرسا سېنىڭ مەيلىڭ،
نېمە چارىدۇر؟!

ئاسماندىن بىر ئاي چۈشۈپتۇ،
شەيدا بولاي دەپ.

بەل باغلىدىم سەن جانانغا
ھەمراھ بولاي دەپ.

نە سەۋەبتىن ئارىمىزدا
ئىرىمەيدۇ قار؟
ئىرىمىسە ئىرىمىسۇن،
نېمە كارىم بار؟

يارسىز قېلىش ئەزەلدىنلا
بولسا ئىرادە.
يالتايماستىن چۆللەر كېزىپ،
تاپاي پىيادە.

رەڭ تالاشقان باغدا ئالما
يارنىڭ يۈزىدىن.
ئىشق ئوتلىرى يالقۇنجايدۇ
چولپان كۆزىدىن.

شېكەرشۇندەك تىل يارىدۇ
شېكەردەك لېۋى.
گۈلى رەيھان خۇش ھىدىنى
تارقىتار ئىزى.

چېۋەر باغۋەن ياۋا شاخنى
سەھەردە پۇتار.

يار ئاغزىغا كەمپۈت سالسام،
شۈمەمەستىن يۈتار.

شۈمەمىسىمۇ، تاتلىقىنى
كۆڭلىدە تۇتار.
كىچىكلىكتە سۆيگەن يارنى
كىممۇ ئۇنۇتار؟

كەلدى دەيدۇ، كەتتى دەيدۇ،
كەتكەنلەر قېنى؟
ئاشىق بولۇپ، مۇرادىغا
يەتكەنلەر قېنى؟

كەتكەن كىشى ئادەم ئەمەس،
يارنى تاشلاپ.
ماڭالمىسا، ئېلىپ ماڭسۇن
ئۇنى هاپاشلاپ.

يەم بەرمىسە سەمرىمەس ئات،
ئېگىز ئوتىدا.
يۈرەك باغرىم كاۋاپ بولدى،
ئىشق ئوتىدا.

چىللاڭ توخام، چىللاڭ توخام،
يارىم ئويغانسۇن.

لەۋلىرىدىن چىشلەپ ئالاي،
چۆچۈپ ئويغانسۇن.

كۆك كەپتەرنىڭ ئۇۋىسى بار
تاغ ئاراسىدا.
سۈرىتىم بار ئوماق يارنىڭ
كۆز قاراسىدا.

يىراق بولۇپ، يېقىن بولۇپ،
گەپ - سۆزى يوقتۇر.
كۆيگەن يارنىڭ ھەر بېقىشى
ئېتىلغان ئوقتۇر.

جانانىمنىڭ جانانىسى
جاننى ئالامدۇ؟
ئاۋۇلىدا كۆڭۈل بېرىپ،
ئەمدى تانامدۇ؟

ئۆستەڭلەرگە كەلكۈن كېلىپ،
قىرغاقنى چاقتى.
يارىم بىلەن ئويناي دېسەم،
ئوقەتنىڭ ۋاقتى.

يورغا ئاتقا ئىگەر توقۇپ،
مىندىم، قايرىلدىم.

كېلەرمىكىن، كەلمەسمىكىن،
ياردىن ئايرىلدىم.

ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
يېتىم بالىمەن.
ياردىن جۇدا بولسام ئەگەر،
ئۆلۈپ قالىمەن.

## بادام قاپاق

ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانچاقلار
سايدا ئوينايدۇ.
توي قىلمىغان يىگىت ـ قىزلار
قايدا ئوينايدۇ؟

قارا ـ قارا قاغىلارنى
خاماندا دەيدۇ.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەرنى
ئارماندا دەيدۇ.

ئاتام ماڭا ئېپبەرمەيدۇ
سۆيگىنىمنى يەي.
ئانام ئۆزى كۆرۈپ باقسۇن
كۆيگىنىمنى يەي.

بادام قاپاق، ياپما تۇماق،
هالىمنى سورا!
لەۋزىڭ بىلەن، قەلبىڭ بىلەن،
بولغىن يار - جورا!

## هەي - هەي يىگىت

هەي - هەي يىگىت، هەي يىگىت،
نەگە بارۇرسەن؟
ناخشا بىلەن يارنى قىيتىپ،
جاننى ئالۇرسەن؟

هەي - هەي يىگىت، مىنگەن ئېتىڭ
تەم - تەم چىپارا.
ئاستىڭدا بار ئالتۇن ئىگەر،
لاخشالاگارا.

هەي - هەي يىگىت، تىل تەگمىسۇن،
ئاسقىن تۇمارا.
يىگىتلەرنىڭ ئاراسىدا
سەن - سەن خۇمارا.

# دەرد ئاغرىقى

1

ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە
چوڭ يول بارمىكىن؟
دەرد ئاغرىقى بولۇپ قالدىم،
دورا بارمىكىن؟

دەرد ئاغرىقى بولغانلارنىڭ
دورىسى مەندە.
ئەتىگەن قوپۇپ، تاڭ سەھەردە
يارنى سۆيگەندە.

ئاشۇ تاغنىڭ ئۇيانىدا
قامچام قېلىپتۇ.
قامچا بويلۇق بىزنىڭ يارلار
بۇغداي تېرىپتۇ.

بوغدىينى ئورۇپ - ئورۇپ،
بېلى تېلىپتۇ.
ئورغىقنى قىردا قويۇپ،
ئۇخلاپ قېلىپتۇ.

تۇتما دېسەم، خويمۇ تۇتتۇڭ
بىلەكلىرىمنى.
ئوتتۇڭ ئەجەب كۆيدۈردىڭ
يۈرەكلىرىمنى.

كىچىككىنە بىر زىلچىمۇ
زىلچا بولامدۇ؟
مەن يارىمدىن ئايرىلغىلى
يىلچە بولامدۇ؟

بارغۇچىدىن - يانغۇچىدىن
سوراي، بولامدۇ؟
شۇ قوشاقنى ئوقۇغانچە
تۇراي بولامدۇ؟

ئەنە، يېڭى ئاي چىقىپتۇ
سېپىل بېشىغا.
ئېتەكلىرىم تولۇپ كەتتى
كۆزۈم يېشىغا.

يېشىل - يېشىل يوپۇرمىقىم
ياشاردى، كەتتى.
يېشىل تونلۇق يارىم مېنىڭ
قەشقەرگە يەتتى.

كېلەمدىكىن، كەلمەمدىكىن،
قەرەلى پۈتتى.
شۇ كۈنلەردە غېرىبچىلىق
جېنىمدىن ئۆتتى.

قارلىق تاغقا قار يېغىپتۇ،
ئاسماندا تۇمان.
يۈرىكىمدە ئوت كۆيەدۇ،
كۆڭلۈمدە گۇمان.

ئالتۇن بولسا، كۈمۈش بولسا،
سالسام بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى
تەگدى يۈرەككە.

نېمە بولۇر، جېنىم يارىم،
يېنىمغا بارساڭ.
كۆيۈپ تۇرغان يۈرىكىمگە
قولۇڭنى سالساڭ.

دەردىڭ بىلەن پىراقىڭدا
ئۆلگۈدەك بولدۇم.
شۇ ھالەتتە بولساڭ، يارىم،
سۆيگۈدەك بولدۇم.

سېنىڭ بىلەن ماڭا كەلگەن،
قورقۇق ئالامەت.
يارنىڭ ئوتى يامان ئىكەن،
بولدى قىيامەت.

ئېتىم چاپقۇر، كالام تارتماس،
قالدىم بالاغا.
قەلەمقاشلىق يارىمنى دەپ،
چىقتىم تالاغا.

تاماكىنى تارتىۋالسام،
چوغلارنى سېلىپ.
مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام،
ئوقەتتىن قېلىپ.

قانداق كىشى كېتەر ئىكەن
يارنى تاشلاپ.
مەيلى بولسا ئېلىپ كېتەر
ئۆيىگە باشلاپ.

ئايمۇ كۆكتە، كۈنمۇ كۆكتە،
چەرخى پەلەكتە.
سەن يارىمنىڭ ئوت - پىراقى
كۆيەر يۈرەكتە.

خەقلەر مېنى يامان دەيدۇ،
مەن يامان ئەمەس.
ئىشق ئوتىغا ئاللا ساپتۇ،
مەن سالغان ئەمەس.

كېلەرمۇ دەپ تەمە قىلماڭ،
كەتكىنىم شۇدۇر.
ئاشىق بولۇپ مۇرادىمغا
يەتكىنىم شۇدۇر.

## 2

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،
ئويچىمىدىڭسەن؟
يانباغىردا يېتىۋاپسەن،
قويچىمىدىڭسەن؟

قويچى بولساڭ، قويلىرىڭنى
بىللە باقايلى.
لەۋەن يارنىڭ يۈرىكىگە
ئوتلار ياقايلى.

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ
شىرغا يول بەرمەس.
ئاشىقىدىن قارغىش ئالغان
ئىلگىرى كەلمەس.

3

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن،
تېرەك ئىكەنسىز.
كۆڭلى يېقىن يار دەپتىمەن،
يىراق ئىكەنسىز.

شاخ - شاخ چىنار بەك ياپراقلىق،
شېخىنى پۇتاي.
يارىم سۇنغان سىنچاينى مەن
ھەسەل دەپ يۇتاي.

باراي دېسەم، بارما دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.

يارىم زىلۋا بويىڭىزغا
زوقۇم كېلىدۇ.
ئەته - ئاخشام باراي دېسەم،
قورققۇم كېلىدۇ.

ئېگىز تاغقا چىقماڭ، يارىم،
ئۆچۈپ ئۆلەرسىز.
چىرايلىققا بەرمەڭ كۆڭۈل،
كۆيۈپ ئۆلەرسىز.

يېقىن بولۇپ، يىراق بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
يارنى سۆيۈپ ئۆلسە كىشى،
ئارمانى يوقتۇر.

4

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچتىم بۇ جاندىن.
يۈرەك باغرىم پارە بولدى،
كۆز يېشىم ئاندىن.

سەن مېنى دەپ، مەن سېنى دەپ،
قالدىم بالاغا.
ئەسلا رەھىمىڭ كەلمەيدىكەن
كۆزى قاراغا.

تال ئىچىدىن تاللاپ ئالدىم
ئەۋرىشىم نوتا.
گۈل ئىچىدىن خىللاپ ئالدىم
رەيھاننى بۇدا.

شۇندىن شۇنغا كەلمىشلىرىم
سەن يار ئۈچۈندۇر.
جەبىر - جاپا چەكمىشلىرىم
دىلدار ئۈچۈندۇر.

5

چوڭقۇر - چوڭقۇر جىلغىلاردا
غىلاڭ - غىلاڭ مۇز.
سىنىڭ يارىڭ قانداقكىن - تاڭ،
مىنىڭ يارىم ئۇز.

يارىم كىيدى كۆرپە جۇۋا،
ياقىسى قۇندۇز.
مەن يارىمنى سىغىنغاندا،
سانايمەن يۇلتۇز.

بىيىتىڭنى پۇتۇۋالدىم
زەيتۇن تاۋارغا.
تەڭكەش قىلىپ ئوقۇپ بىرەي،
نەغمە - ناۋاغا.

كۆيگەن يارىم چىقمايدىكەن
ئۆيدىن تالاغا.
يار دەردىدە تولدى يۈرەك
كۆيۈك ياراغا.

پىغان بىلەن ئاھلار ئۇرۇپ،
تۆكسەم يېشىمنى.
يارىم كېلىپ ئۆڭلارمىكىن
دەردمەن بېشىمنى.

كېلەرمىكىن، كەلمەسمىكىن،
مۆھلىتى ئۆتتى.
يار يولىغا تەلمۈرۈشتىن
تاقىتىم پۈتتى.

ئىككى تاغنىڭ ئۇيانىدا
بىر توپ قارىقات.
شۇل يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى
چىلان تورۇق ئات.

ئۈزەڭگىسى ئالتۇن ئىكەن،
قامچىسى پولات.
بېقىشلىرى خۇمالىقتۇر،
لەۋلىرى ناۋات.

6

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا
ئېرىمەيدۇ قار.

يىراق كېتىپ، يېقىن كەلسەم،
قارىمايدۇ يار.

كىچىك ئىدى، چوڭ بولۇپتۇ
باغدىكى تېرەك.
يار يىراقتا كەتكەن چېغى،
ئۆرتەندى يۈرەك.

ئالتۇن كۆزدە سارغىيىپتۇ
باراڭدا ئۈزۈم.
يار كەتكەنگە ئىشەنمەيمەن،
كۆرمىدى كۆزۈم.

ئىچسەم - ئىچسەم مەست قىلمايدۇ
شەھەر بوزاسى.
ئونبەش ياشلىق بىر يارىم بار،
قوينىڭ قوزاسى.

كارۋان يۈرگەن يولدا ماڭسام،
جىقكەن توپاسى.
گۆدەكلىكتە تۇتقان يارنىڭ
يوقكەن ۋاپاسى.

ئالتە كەپتەر، يەتتە بولۇپ
قوندى تېرەككە.

ماڭسام ـ ماڭسام يېتەلمەيمەن
شەلپەر كۆڭلەككە.

7

ئېگىز تاغدىن تاشقىن كەلسە،
ئاقىدۇ سايغا.
دەرد ئاغرىقى بولۇپ قالدىم،
مەشۇقۇم قايدا؟

ئېگىز تاغنىڭ كۆلەڭگىسى،
سايىنى تالاشۇر.
ياخشى بىلەن ئاشنا بولساڭ
خويمۇ ياراشۇر.

ئىتلىرى بەك يامان ئىكەن،
باغلاپ قويماپلا!
بىزدەك چاققان بوز يىگىتنى
چاغلاپ قويماپلا!

ئالتۇنۇم بار، كۈمۈشۈم بار،
سالاي بىلەككە.
دورا بىلىپ ئۆزلىرىنى،
تاڭاي يۈرەككە.

ئىككىلىمىز ئوخشاش ئادەم،
كۆلۈپ باقسىلا.
جاننى بۇنچە قىينىغۇچە،
قىلىچ چاپسىلا.

## زىنداندىكى ئاشىق - مەشۇق قوشىقى

1

تاغ باغرىغا سىنچىلىساڭ،
كەكلىك ئىزى بار.
مۇھەممەتسالى ئاكامنىڭ
ئىككى قىزى بار.

چوڭ قىزىنىڭ زىلۋا بويى،
ئايدەك يۈزى بار.
كىچىكىنىڭ خۇلقى بەلەن،
شېرىن سۆزى بار.

كىچىككىنە پەنجىرەڭدىن
ئىككىيلەن پاتتۇق.
ئەسكى ئىشنى قىلىپ قويۇپ،
زىنداندا ياتتۇق.

زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن،
چۆرىسى چىتلاق.
سەن يارىمنى كۆرەي دېسەم،
پۇتۇمدا تىزلاق.

زىندان تېمى شۇنداق ئېگىز،
سۇۋاقسىز ئىكەن.
يارىم بويغا يەتكەن بىلەن،
تۇراقسىز ئىكەن.

جېنىم يارىم شۇ دەردىمگە
بولمامسەن دەرمان؟
ئۆلۈپ كەتسەك، كۆڭلىمىزدە
قالماسمۇ ئارمان؟

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
زىنداندا دەڭلار.
بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان،
سەرساندا دەڭلار.

2

ئاتالىقلار، ئانالىقلار
دەستە - دەستە گۈل.

ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار
كۆيۈپ ئۆچكەن كۆل.

مەن چۈشۈمدە يارنى كۆردۈم
سۈنىڭ بويىدا.
لەپىلدەيدۇ تاۋار ياغلىق
ئۈنىڭ قولىدا.

يارىم ئۈچۈن ياتسام ياتاي
ئۈچ يىل زىنداندا.
ئۈچ يىل زىندان ئۈچ كۈنچە يوق،
شېرىن ئارماندا.

ئالتۇن قۇلۇپ توققۇز يەردە،
كىلىتى مەندە.
مەن زىنداندا ياتقان بىلەن،
خىيالىم سەندە.

## سوۋغات قوشىقى

ماڭا بەرگەن سوۋغىتىڭ
زەھەر ئىكەن، بىلمەپتىمەن.
كۆڭلۈم مېنىڭ ئاقكەن ئەجەب،
تاشلاپ كېتەر دېمەپتىمەن.

تونۇشۇش مۇشكۇل ئەمەس،
ئايرىلىش بەكمۇ يامان.
ئاڭلىسام كەتمەكچى بوپسەن،
ھەرجايدا بولساڭ، بول ئامان.

ئايرىلىش شۇ پەيتىدە،
بىر ياخشى سۆز كۇتكەن ئىدىم.
شۇمىدى ياخشى سۆزۈڭ؟
يارسىز قالدىڭ دېدىڭ.

ئەل ئامان، مەنمۇ ئامان،
تىڭشا، ساڭا بېرەي جاۋاب.
سەن سۆيمىسەڭ ھېچ گەپ ئەمەس،
ئەل سۆيمىسە ھالىڭ خاراب.

ئاھ، ھەسرەتتە مەن
يىغلاپ ئۆتەي.

## جۇۋانلار①

باغدا بىر گۇل بار ئىدى،
ئالتۇن باھالىق گۇل ئىدى.

① بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا 40 ياشقا تولغان چوكانلارنى ئاساس قىلغان «چاچ قوشاق» دېگەن مەرىكە بار ئىدى. بۇ قوشاقلار ئاشۇ مەرىكە سورۇنلىرىدا ئېيتىلاتتى.

تۆگمىسى ئېچىلمىغان،
يارىغا لايىق گۈل ئىدى.

يۈرىكىم سەكپارىسى،
باسما كۆڭلەكلىك جۇۋان.
ئەجەب يامان دەردى بار،
شايى كۆڭلەكلىك جۇۋان.

يامانلىماڭ، جۇۋانلار،
ياخشى - يامانىنى كىم بىلۈر.
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
ساينى تېرىسا گۈل بولۇر.

## قارا كۆز

يۇرتىڭىزغا ماڭغۇچە
ئوتنى ئېلىڭ، قارا كۆز.
ئوتنى ئالماي ماڭغۇچە،
جاننى ئېلىڭ، قارا كۆز.

مەن مۇساپىر، غېرىبقا
قاراپ قويۇڭ، قارا كۆز.
بىرنى سۆيۈپ قويسىڭىز،
ساۋاب بولۇر، قارا كۆز.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ
ئالما ئاتقان، قارا كۆز.
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ
قاش ئوينانقان، قارا كۆز.

## ئامان يار

كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ
سۇ لېيىتقان، ئامان يار.
ئۆز بېشىمچى يار تۇتۇپ،
قىز ئۇنۇتقان، ئامان يار.

ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ
سەرسان بولغان، ئامان يار.
ئۆز يارىدىن ئايرىلىپ
ۋەيران بولغان، ئامان يار.

كەكلىك ئۈنى چىرايلىق،
ئۆزى تاغدا، ئامان يار.
مەن - مەن دېگەن يىگىتلەر
قالار داغدا، ئامان يار.

## تار جاهان[1]
(تاجىخان)

يېشىم ئەللىككە يەتتى،
ئۆمرۈمنىڭ تېگى كەتتى.
ۋاپاسى يوق ئالەمدە،
ۋاي تاجىخان (تار جاھان)،
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

مەن تولا جاپا چەكتىم،
بېشىم ئاقاردى كۆلپەتتىن.
يېرىلمىدى بۇ تاغلار،
ۋاي تاجىخان (تار جاھان)،
مەن قالغان نادامەتتىن.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
بۇ يۇرتتىن كېتەي ئەمدى.
كېتىپ يىراق - يىراقلارغا،
ۋاي تاجىخان (تار جاھان)،
مۇرادىمغا يېتەي ئەمدى.

---

① بۇ قوشاق ماتىتەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى سەۋەبىدىن ئوقۇلغان ۋاقىتتا «تاجىخان» (تار جاھان) دەپ ئوقۇلۇپ، خەلق ئارىسىغا تارقالغان.

ئاقسۇ چۆللىرى قالسۇن،
مۇزاتنىڭ داۋىنى قالسۇن.
باراي شۇ باغۇبوستانغا،
ۋاي تاجىخان (تار جاھان) ،
يۈرەكنىڭ ئارمىنى قانسۇن.

قولۇمغا پىچاق ئالدىم،
بىر يولى تويۇپ جاندىن.
ئىچىمگە پاتمىدى دەردىم،
ۋاي تاجىخان (تار جاھان) ،
غەزەپتىن ئۆرتىنىپ ياندىم.

## زەيتۈنخان

چىقىۋالدىڭ تېرەككە،
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە.
كۆڭلۈم ھەرگىز بارمايدۇ،
گۈلۈم سەندىن بۆلەككە.
(ۋاي جېنىم زەيتۈنخان) .

زەيتۈنخاننىڭ قولىدا
ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بار.
ئەتكەن ئاشلىرى تاتلىق،
قوللىرىدا چۆمۈچ بار.
(ئاھ، جېنىم زەيتۈنخان) .

ئەنجان دوپپام بار دەيسەن،
كىيمەيدىغان نېمەڭگە.
ئاخشام بولسا چىللايسەن،
چىقمايدىغان نېمەڭگە.
(ۋاي جېنىم زەيتۇنىخان).

ئۇ كوچىدا سەن بولساڭ،
بۇ كوچىدا مەن بولاي.
ئانار گۈلى سەن بولساڭ،
يوپۇرمىقى مەن بولاي.
(ئاھ، جېنىم زەيتۇنىخان).

ئالما بەردىم قولۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا.
بىرقانچە زامان بولدى،
قاراپ قالدىم يولۇڭغا.
(ئاھ، جىنىم زەيتۇنىخان).

سىنىڭغۇمەن، سىنىڭمەن،
خەجلىسەڭ مال، پۇلۇڭمەن.
سىنىڭ بولماي كىمنىڭمەن،
ئىشلەتسەڭ بىر قۇلۇڭمەن.
(ئومىقىم زەيتۇنىخان).

قۇمۇل يولى قومۇشلۇق،
قازان - قومۇچ يۇيۇقلۇق.
بۇ جاھاندا بارمىكىن
زەيتۇنەمدەك بىر ئوڭلۇق؟
(ئامرىقىم زەيتۇنىخان).

## ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ[1]

### يارىم، ئايلىناي

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئېگىز ئاسماندا تۈۋرۈك يوق،
ئاقار دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ،
باغلىرىڭدا جاي؟

---

① بۇ، ئۇيغۇر خەلق توي - مەرىكە قوشاقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇن تارقالغان قوشاقلار جۈملىسىدىن بولۇپ، دەسلەپتە كۇچا خەلقى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن.

قىزىلگۈلدەك بويلارىڭدىن
يارىم، ئايلىناي.

## ئۇيناڭ دەردى بار باللا

قىشلىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ؟
سىياقىڭ قىلدى ۋەيرانە.
جاھاندا ئىزدىسەم يوقتۇر
سىنىڭدەك ياخشى مەردانە.
(ئۇيناڭ دەردى بار باللا).

ئانارلىق باغدا گۈل ئاچما،
جورا بولىلى، قاچما.
(ئۇيناڭ دەردى بار باللا).

## جان بالىخان

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
ئاي يۈزۈڭگە قەلەمقاش.
دەردىڭنى تولا تارتتىم،
رەھىم قىلغىن، قەلەمقاش.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.

قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

ئوڭ چېكەڭدە جۇڭخاگۈل،
قارىمايسەن، جان بالىخان.

## دەردىڭ يامان

بارغۇچە باغ بىلەن باردىم،
يانغۇچە كوچاڭ بىلەن.
قاتمۇقات بەتنام كۆتۈردۈم،
مېھرىبانىم سەن بىلەن.

باغ گۈلى، باغنىڭ گۈلى،
كۆيدۈرىدۇ يارنىڭ ئوتى.
مەيلىغۇ كۆيدۈرسىمۇ،
شۇ مېھرىبان يارنىڭ ئوتى.

دەردىڭ يامان، ئەلىمىڭ يامان،
كۆيدۈرۈشىڭ ئاندىن يامان.

## كېلىڭلار دوستلار ئوينايلى

ئاپتاپتەك ئاي يۈزۈڭگە
قىپقىزىل خالىڭ بولاي.

تال چىۋىقتەك بويلىرىڭغا
شايى رومالىڭ بولاي.

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
يارىم مېنى كۆردىمىكىن؟
يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى،
يارىم شۇنى بىلدىمىكىن؟

ئەمگەكچى مېنىڭ يارىم،
كېلىڭلار دوستلار ئوينايلى.

## بالىخان دادەي

بالىخان دادەي، ئۆيۈڭ نەدە؟
شاياردىكى لەڭگەردە.
چۇشۇمگە كىرىپ قاپسەن،
بۈگۈن تاڭ سەھەرلەردە.

تېرەكسىز هويلاڭغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئاپتىپىڭ ئۆتتى.
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي، يارىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا يەتتى.

بۇلبۇل سايراپ ئۆتەرمۇ؟
يار ناخشا ئېيتىپ كېلەرمۇ؟

ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يېتەرمۇ؟

## گۈليارىخان①

### 1

دۇتارى يەي، دۇتارى،
قۇلاقىدا پەي تارى.
ئاخشام ئىچكەن سىنچاينىڭ
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.

كۆرپە تۇماق كىيگەنلەر،
لەۋەن يارنى سۆيگەنلەر.
ئايدا، يىلدا كۆرۈنۈپ،
يۈرەك - باغرىمنى ئەزگەنلەر.
ۋاي، گۈليارىخان،
بويلارىڭ ساز، ۋاي دادەي.

### 2

شايىدىن شاپاق دوپپا،
شاپتۇل شېخىدا قالدى.

① «گۈليارىخان»، «شەلىرىڭ ئامان» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر توي - مەرىكە قوشاقلىرى، شۇنداقلا توي - مەرىكىلەردە ئېيتىلىدىغان شوخ ناخشىلار بولۇپ، كۆچا ئارقىلىق تەگرىتېغىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كەڭ تارقالغان.

ئازكۈن ئويناپ، ئايرىلدۇق،
يۈرەكتە يارا قالدى.

ئەتىگەندە، شەبنەمدە
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
شۇ قارا كۆز يارىمنى
ئۆمۈرلۈك ماڭا قوشقان.

گۈليارلار، گۈليارلار، لەۋەن يارلار،
لەۋەن يارنىڭ يارى مەن، گۈليارلار.

3

ئالتۇن تەكيەم باشىمدا،
مەن ئولتۇراي قاشىڭدا.
ئەزىز جانىم يايرىسۇن
يىگىرمە ئالتە ياشىمدا.

كىمنىڭ مەيلى كىمگە بولسا،
قويۇپ بېرىڭ ئوينىسۇن.
شاد - خۇراملىق ئىچىدە
دىلدا ئارمان قالمىسۇن.
ئوينايلى يار، كۈلەيلى،
كۆڭۈلدە ئارمان قالمىسۇن.

# شەلىرىڭ ئامان

1

ئاۋاتى يەي، ئاۋاتى،
بەشكېرەمنىڭ ئاۋاتى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن
لەۋەن يار، خاراباتى.

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
شوخلۇقۇڭنى دېمىسەم،
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق.

2

كىچىككىنە قارا كۆز،
سەن كۆرەگە بارغانمۇ؟
ئاخشىمى قاراڭغۇدا
راست كۆيگەنمۇ - يالغانمۇ؟

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئەنجۈرۈڭ ئەجەب تاتلىق.

ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ؟
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق.

## بۇلبۇلجان

يار دەپ مەن ئادا بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

گۇل ئىكەنغۇ، گۇل ئىكەن،
رەنا، رەيھان گۇل ئىكەن.
قامىتى گۇلدىن گۈزەل،
ئۆزى شوخ، بۇلبۇلىكەن.

كوچانى كوچا دەيدۇ،
چۆل ئەمەسكەن، ئاۋاتكەن.
بىزنىڭ يارنى قەن دەيدۇ،
قەن ئەمەسكەن، ناۋاتكەن.

بۇلبۇلجان، بۇلبۇلجان،
سايراپ ئۆتىسىز.
باغرىمغا يېقىپ ئىشق ئوتىنى،
بىر چىرايلىق قاراپ ئۆتىسىز.

## يارىم نە كەتتى

ئۈيانمۇ تاغ، بۇيانمۇ تاغ،
تىيانشان تاغى.
مەن قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
يارىمنىڭ باغى.

بۇگۈنمىكىن، ئەتەمىكىن
يارىم كەتكۈدەك.
ئالتە ئاي ياز ئەگەشكىنىم
بىكار كەتكۈدەك.

يارىم نە كەتتى؟
شايارغا كەتتى.
بىر ىۋالسا كەلمەيدۇ،
يۈرەككە ئوت كەتتى.

## ئالمىخان①

كۆرمىگەنلەر ئېيتىدۇ،
ئالمىخان قانداق نېمە؟

---

① ئالمىخان «ۋەقە» سى XVII ئەسىردە تۇرپاندا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە توقۇلغان قوشاق مەشھۇر خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇ ھازىرغىچە توي - مەرىكىلەردە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئاغزى ئويماق، تىلى قايماق،
كۆزى بۇلاق بىر نېمە.

ئالمىخان دەپ دېگى بار،
گۈل تۈۋدە چېگى بار.
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار،
ئوڭ قېشىدا مېگى بار.

ئالمىخاننىڭ ئاقلىقى
لەمجىندە ئاتقان پاختىدەك؛
بەدىنىدە گۆشى يوق،
رەندە سالغان تاختىدەك.

ئالمىخاننىڭ ئۆيلىرى
ئىچكىرىدىن ئىچكىرى.
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار،
ئۇدۇل چىشى تاشقىرى.

ئالمىخاننىڭ يوللىرى،
ئۇچيۈز ئاتمىشنىڭ يولى.
ئالمىخانغا تولا قاتراپ،
تېشىلدى كەشنىڭ سوگى.

ئالمىخاننىڭ ئېرىقى
ئايدا، يىلدا بۇزۇلۇر.

ئالمىخاندىن بىر سوراڭلار،
ئۆزى قاچان تۇزۇلۇر.

«ئالمىخان!» دەپ بىر چاقىرسام،
ئۇنى باغلاردىن چىقۇر.
كۆيۈكى ئەمدى بېسىلدى،
دەردى ئۆلگەندە چىقۇر.

ئالمىخاننىڭ مېڭىشى
ياڭ بىلەن ياڭزا بىلەن.
ئالمىخاننى دوست تۇتۇڭلار،
باقىدۇ ساڭزا بىلەن.

ئالمىخان دەيمۇ سېنى،
ئايسخان دەيمۇ سېنى.
قولدا باققان پاقلىنىم دەپ،
ئۆلتۇرۇپ يەيمۇ سېنى؟

ئالمىخان دەپ ئاڭلىدىم،
بېلىمنى مەھكەم باغلىدىم.
ئالمىخان، سەن يار ئۇچۇن،
جېنىمنى پىدا چاغلىدىم.

ئاھ، جېنىمەي، ئالمىخانەي،
قايسى باغنىڭ گۇلىسەنا!

# قەمبەرخان

ئايال: داۋانچىڭنىڭ يولى قاتتىق،
تاۋۇزى تاتلىق.

ئەر: داۋانچىڭدا بىر يارىم بار،
قەمبەرخان ئاتلىق.

ئەر: قەمبەرخانىم، قەمبەرخانىم،
يەلپۈپ قويايمۇ؟

ئايال: يەلپۈگۈچنىڭ سايىسىدا
تاشلاپ قويايمۇ؟

ئايال: داۋانچىڭغا قوغۇن تېرىدىم،
پېلەكلىرى تۈز.

ئەر: ياڭزا - ياڭزا قوغۇن چۈشتى،
ئۆزۈڭ تاللاپ ئۈز.

ئەر: سەن يار ئۈچۈن تاياق يېدىم
بىرمىڭ ئالتە يۈز.

ئايال: يەنە يېسەڭ شۇنچە يەيسەن،
جانىم قارا كۆز.

## زىبىخان

زىبىخان، ھەيدە قويۇڭنى باقىمەن،
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقىمەن.

ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقمىسام،
لەۋلىرىڭدە پىستە - بادام چاقىمەن.

زىبىخاننىڭ باغى بار، باغۋەنى يوق،
زىبىخاننىڭ دەردى بار، دەرمانى يوق.

زىبىخاننىڭ باغىگە باغۋەن بولاي،
زىبىخاننىڭ دەردىگە دەرمان بولاي.

زىبىخان، ئويمان بۇلاقتا تاشلىماڭ،
پۇلى جىق دەپ سودىگەرنى باشلىماڭ.

پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر، بىز تاپارمىز، زىبىخان،
پۇلى يوق دەپ مەرد يىگىتنى تاشلىماڭ.

# چىمچاچاق[1]

سۆزۈك سۇنى لاي قىلغان
ئاق بوز ئاتنىڭ توپاسى.
يىگىتلەرنى گول قىلغان
قىز - چوكاننىڭ دوپپاسى.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى
شاتىۇادا ئۆچلىغان.
ئەرگە تەگمەيمەن دېسەم،
ئانام بېشىمغا مۇشتلىغان.

قارىغاينى ئەگكۈچە،
مەيلىم يوقتا تەگكۈچە؛
ئۆلۈپ كەتسەم بولمامدۇ؟
بۇنداق ئەلەم چەككۈچە.

ئۈزۈن - ئۈزۈن ئارغامچا،
تېرەككە سېلىپ ئوينايمەن.
ھەركىمنىڭ نېمە كارى،
ئۆزۈمنىڭ مەيلى ئوينايمەن.

---

① ئۇيغۇرلاردا قىسمەن توي-تۆكۈنلەردە «چىمچاچاق ئويۇنى» ئوينىلىدۇ. قىز-چوكانلار ئويۇن راسا قىزىغاندا خاس قوشاقنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ، بەزىدە چاچ قوشاقلاردىمۇ بۇ قوشاق ئېيتىلىدۇ.

تۇرنا بولۇپ ئۇچتۇممەن،
شال بويىغا چۈشتۇممەن.
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن،
بىر نادانغا چۈشتۇممەن.

تاۋار كۆڭلەك كىيمەيمەن،
ئېتىكىمنى ئۇن قىلىپ.
قىمارۋازغا تەگمەيمەن،
يۈرىكىمنى خۇن قىلىپ.

چاۋار تەردىم، چاۋاچاق،
ساڭا كۆيدۈم چىمچاچاق.
بىر زالىمدىن قۇتۇلسام،
نەدىن كەلدىڭ توكاچاق؟!

## سارىخان[1]

سېپىلغا چىقىڭ، باللا،
دۈم - دۈمنى سوقۇڭ، باللا.
پاششاپبەگ قوغلاپ كەلسە،
بوز ئاتنى توقۇڭ، باللا.

---

[1] «سارىخان» — ئىلى ئۇيغۇرلىرى توي - مەرىكىلەردە ئوقۇيدىغان مەشھۇر قوشاقلارنىڭ بىرى. مەشھۇر شەرقشۇناس، ئېتنوگرافىيە، تارىخ ئالىمى پانتوسوۋ XVII ئەسىردە نەشر قىلدۇرغان «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتابىغىمۇ بۇ قوشاقلار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

بېغىمغا كىرىپ باقسام،
ئۆرۈكۈڭ تولا شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ
سارىخان تىلى تاتلىق.

بېغىمغا كىرىپ باقسام،
ئالماڭ تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە سارىخان
قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

باغ ئىچىدە بوستانلار،
سايىدايدۇ چوكانلار.
سارىخاننىڭ دەردىدە
كۆيدى چوغ بولۇپ جانلار.

ئاق سارايدا ئولتۇرغان
تولۇن ئاي مېنىڭ يارىم.
ئۇتىغا سېلىپ قويۇپ،
خەۋەردار بولمىغان يارىم.

گۈلزارىڭ ئارا چۈغلۇق،
گۈلزار ئىچى بۇلبۇللۇق.
گۈلنىڭ گۈلى، سارىخان،
سىزگە سېغىنىپ قۇللۇق.

سارىخان قىزىلگۈلدەك،
بىز ئىشقىدا بۇلبۇلدەك.
سارىخان كۈلۈپ قويسا،
خىزمەت قىلىمىز قۇلدەك.

سارىخان تىلى تاتلىق،
يۈرەك - باغرى ئەجەب قاتتىق.
ئىشىكىدىن چىقالمايدۇ،
مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق.

سارىخان كىچىك ياشلىق،
ئاي يۈزلۈك، قارا قاشلىق.
ئۈنىڭ مېڭىش - تۇرۇشى
ئاتا - ئانىسىغا قاراشلىق.

## نازىگۈل

ئالەمدە تەڭداشسىز ئۆزۈڭ،
ئاينى خىجىل قىلار يۈزۈڭ.
يۈرەككە ئوت ياقتى سۆزۈڭ،
ئالسام سېنى، ئەي نازىگۈل.

كىردىم ئىشىككە مەن غېرىب،
ئىككى كۆزۈمگە ياش ئېلىپ.

ئىشق ئوتىنى جانغا سېلىپ،
ئالسام سېنى، ئەي نازىگۇل.

كېچىسى ھۇۋقۇش بولۇپ،
كۈندۈزلىرى بىھوش بولۇپ؛
سەن كېيىك، مەن قۇش بولۇپ،
ئالسام سېنى، ئەي نازىگۇل

دەردىم تولا، يارىم، مېنىڭ،
يەتسۇن ساڭا زارىم مېنىڭ.
بىر كۈن يېتەر ئاھىم مېنىڭ،
ئالسام سېنى، ئەي نازىگۇل.

دەردىم تولا، كۆيدۇم ساڭا،
بىر كۈن خەۋەر بەرگىن ماڭا.
جېنىم پىدا بولسۇن ساڭا،
ئالسام سېنى، ئەي نازىگۇل.

## بوز ئات[1]

قارچىغىنىڭ باللىرى جىق،
ياتار ئۇۋىدا.

---

[1] بۇ، مەجبۇرىي توي قىلىشقان ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ توي كېچىسىدىكى مۇراجىئىتى بولۇپ، توي - مەشرەپلەردە كەڭ ئېيتىلىدۇ.

ئەمدى بارسام تونۇمايدۇ،
ئەسكى جۇۋىدا.

جانىم بوز ئات، مالىم بوز ئات،
بوينۇڭنى ئۈزات.
بۈگۈن كېچە يار قېشىغا
يەتكۈز مېنى پات.

بۈگۈن كېچە يار قېشىغا
يەتكۈزسەڭ، بوز ئات؛
يۈگىنىڭنى ئېلىپ دەرھال
قىلۇرمەن ئازاد.

## يارى - يار

مەلىمىزگە توي قىلىپ
شېرىن كەلدى، يارى - يار.
قوشاق بىلەن، ساز بىلەن
كېلىن كەلدى، يارى - يار.

كېلىنچەكنىڭ سۆزلىرى
خۇددى مېغىز يارى - يار.
ئوت - پىراقى تۇتاشقان،
ۋاپالىق قىز يارى - يار.

كوچىگىزنىڭ چىكىسى
چىمەن ئىكەن، يارى - يار.
كېلىنچەكنىڭ تەلىيى
كۆلگەن ئىكەن، يارى - يار.

كۆيگەن يىگىت — ئاشىقى
چېۋەرمىدى، يارى - يار.
مەرد بولمىسا، ئاشۇ قىز
تېگەرمىدى، يارى - يار.

چوڭ تۇگمەننىڭ ئاۋازى
كۆككە يەتكەن، يارى - يار.
ئاشىق - مەشۇق شوخلۇقى
يۇرتقا كەتكەن، يارى - يار.

كېلىنچەكنىڭ هۇجرىسى
بەختكە تولسۇن، يارى - يار.
كۆرەلمىگەن دۈشمەنلەر
هەسرەت يۇتسۇن، يارى - يار.

## گۈلمەرەم

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار، گۈلمەرەم،
ئەگىپمۇ ماڭالملا، جېنىم مەرەم.

پىيالىغا چاي قۇيدۇم، گۈلمەرەم،
ئېگىلمەي ئالالامىلا، جېنىم مەرەم.

باغدا باغلىغان باغلىق، گۈلمەرەم،
قولىدا دۈردۈن ياغلىق، جېنىم مەرەم.
يارىمنى كېسەل دەيدۇ، گۈلمەرەم،
ئۈنىڭ دەردىدە مەن ئاغرىق، جېنىم مەرەم.

ئېرىقنىڭنى ئوي ئويدۇم، گۈلمەرەم،
ياندۇرۇپ يەنە ئويما! جېنىم مەرەم.
مەن ساڭا نېمە قىلغان، گۈلمەرەم،
ئولتۇرۇپ تازا ئويلا، جېنىم مەرەم.

تالدى بىلەكىم، تالدى، گۈلمەرەم،
لەۋەنىڭ چاقنى چۆرۈپ، جېنىم مەرەم.
كۆڭلۈمنى ئۈتۈۋالدى، گۈلمەرەم،
باشىمدىن تۇمار ئۆرۈپ، جېنىم مەرەم.

ئورماڭنى ئورۇپ قويدۇم، گۈلمەرەم،
باغلاشنى ئۆزۈڭ باغلا! جېنىم مەرەم.
كېچەشنى ساڭا قويدۇم، گۈلمەرەم،
چاغلاشنى ئۆزۈڭ چاغلا، جېنىم مەرەم.

# لەيلىگۈل

1

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزىلىنى تاللايدۇ.
ئالەمدە كىشى يوقتەك، لەيلىگۈل،
كۆڭلۈم سىنى خالايدۇ.

ئۆگزەڭگە چىقىۋاپسەن،
يەر تۆۋىنىگە قاراپ.
ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتتۈم، لەيلىگۈل،
بۇلبۇلۇڭ بولۇپ سايراپ.

2

تارىم دەريا بويىدا
ئېچىلىپتۇ لەيلىگۈل.
باغلىرى قىزىل بوستان،
چېچىلىپتۇ لەيلىگۈل.

ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ توغاچ،
ئۆستەڭ بويىدا بولغاچ.

ئارزۇمىزغا قاندۇق بىز،
تام قوشنا يېقىن بولغاچ.

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەلىٔ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

## ئادارگۈل

چىلگە سارغىيىپ قاپتۇ،
كېۋەزلىكتە، پېلەكتە.
سەن سورىما، مەن ئېيتماي، ئادارگۈل،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

لاچىن سوققان توشقاننىڭ
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
مەن غېرىب مۇساپىرنىڭ، ئادارگۈل،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار؟

ئاتامغا نېمىدەپ يىغلاي؟
ئانامغا نېمىدەپ يىغلاي؟
ئېتىمنىڭ ئالدىدىن ئاشقان، ئادارگۈل،
ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي.

# شاخ ـ شاخ چىنار

1

شاخ ـ شاخ چىنارنىڭ شېخىسەن،
بىر گۈلىمەنا.
ھىجران ئوتىدا كۆيگەن
يۈرەكنىڭ كۈلىمەنا.

ئوت قالىمىسا قارا قازان
قايىنامدۇ يەي؛
ئاشىق ئوتىدا سالسا يۈرەك،
پايلامدۇ يەي.

2

باردىم دەريا كەچكىلى، جېنىما دوستلار-جېنىما دوستلار،
ئولتۇردۇم سۇئىچكىلى، جېنىما دوستلار-جېنىما دوستلار.
كەلسە يارىمدىن خەۋەر، جېنىما دوستلار-جېنىما دوستلار،
قانات ياساپ ئۇچقىلى، جېنىما دوستلار-جېنىما دوستلار.

3

قۇرغۇيدەك مېنىڭ يارىم،
باغلانغان يۈرەك پارىم.

نەچچىگە بۆلۈپ كەلسەم،
يەتمەيدۇ مىنىڭ جانىم.

## دوپپىڭىزنىڭ گۈلىمەنا

قىز: باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
سۇغا چۈشتى شولاسى.

يىگىت: بىزنىڭ قارا كۆز يارنىڭ
يول تۆپىسىدە هويلاسى.

قىز: ئايمىدۇ مىنىڭ يارىم،
كۈنمىدۇ مىنىڭ يارىم.

يىگىت: سەھەردە چىققان چولپاندەك،
گۈلمىدۇ مىنىڭ يارىم.

قىز: بىزنىڭ هويلا چوڭ هويلا،
ئەتراپىدا ئەينۇلا.

يىگىت: ئەينۇلانىڭ سايىسىدا
قىزىپ كەتتى شوخ تويلار.

بىللە: دوپپىڭىزنىڭ گۈلىمەنا،
ياخشىلارنىڭ دوستىمەنا.

## سەيدىگۇل[1]

باغدا بىرگۇل بار ئىدى،
جانىجانىم سەيدىگۇل
شېخىدا بۇلبۇل سايرىدى،
جانىجانىم سەيدىگۇل.
مېنى سەندىن شۇم پەلەك،
جانىجانىم سەيدىگۇل،
رەھىم قىلماي ئايرىدى،
جانىجانىم سەيدىگۇل.

بېغىمدا ئانارىم يوق،
جانىجانىم سەيدىگۇل،
سۆيگىنىم - نىگارىم يوق،
جانىجانىم سەيدىگۇل.
باراي دېسەم يول يىراق،
جانىجانىم سەيدىگۇل،
تېنىمدە مادارىم يوق،
جانىجانىم سەيدىگۇل.

ئۆشنەمدە ئۇزۇن چەكمەن،
جانىجانىم سەيدىگۇل،

---

① قەشقەر - ئاتۇش تەۋەسىدە كەڭ تارقالغان بۇ قوشاق توي - مەرىكىلەردە ئېيتىلىدۇ، شائىر سەلەي قاسىم رەتلىگەن ئىجادىي نۇسخىسى بويىچە ئېلىندى.

قولۇمدا يوغان كەتمەن،
جانجانىم سەيدىگۈل.
بارمىكىنە دۇنيادا،
جانجانىم سەيدىگۈل،
مەندەك بىناۋا دەردمەن،
جانجانىم سەيدىگۈل.

## ئەجەب قەندەك بالىكەنلا

تاشلىغان، تاشلاشمىغان،
تاشلىشىپ، چىداشمىغان.
نەچچە يىل بىللە بولۇپ،
قانغۇدەك مۇڭداشمىغان،
(مۇڭدىشىپ چىداشمىغان).

بىر كىنە يارىم بولسىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن.
ئاخۇنۇمدىن سورىسام،
ئاشىققا نىكاھ يوق ئىكەن.
(ئۆلمەيمەن، ياشايمەنغۇ).

قەشقەرىمنىڭ كوچىسى،
دەندانىسىنىڭ دەندانە.
مەن يارنى تېگىشمەيمەن،

پۈتۈن شىنجاڭدا بىر دانە.
(ئەجەب قەندەك بالىكەنلا).

## ئاچا - ئاچا، جېنىم ئاچا

ئۆگزەمگە قوناق يايدىم،
ئويناپ كېلىپ چاچمىسىلا.
دوست بولايلى ئىككىمىز،
مەندىن ئۈنچە قاچمىسىلا.

ئۆگزەمگە چىقىپ باقسام،
تەڭدىن تولىسى مورا.
دوختۇردىن سوراپ باقسام،
كۆيەككە يوق ئىكەن دورا.

ئاچا - ئاچا، جېنىم ئاچا،
مېنى بېقىۋالساڭچۇ ئاچا.
هويلاڭدىكى تال - تېرەككە
شاخ قىلىۋالساڭچۇ ئاچا.
ئاكىڭىز يوقكەن، ئىنىڭىز يوقكەن،
دوست قىلىۋالساڭچۇ ئاچا.

## ئاق بىلەكىڭ بويىنۇمدا

ئوي ئويلايسىز، ئوي ئويلايسىز،
نېمىنى ئويلايسىز؟

ئىلىدىن كەلگەن كوماندىرنىڭ
يېنىنى كولايسىز.

بۇگۇنمىكىن، ئەتەمىكىن،
يارىم كەتكۇدەك.
ئالتە ئاي، كۈن يۈرگەنلىرىم
زايە كەتكۇدەك.

ماڭسام ، ماڭسام كۆرۈنمەيدۇ
سەمەندىن قوغان.
ئەقىدەمنى چۈشەنمەيدۇ
هارامدىن بولغان.

ئاق بىلەكنىڭ بوينۇمدا، دوپپام باشىمدا،
كېچە يېتىپ، سەهەر قوپسام، سەن يوق قاشىمدا.

## لەۋلىمە جانىم، لەۋلىرىڭىز

گۈل يۈزلۈك تولۇن ئايىم،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئوتۇڭ - پىراقىڭدا
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

گۈلزارلار گۈلى بىلەن،
گۈل ئۆسەر غولى بىلەن.

ئوينىساڭ تۇزۇك ئوينا،
ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن.

لەۋلىمە جانىم، لەۋلىرىڭىز،
ئەجەبمۇ شېرىن سۆزلىرىڭىز.
يۇرىكىمنى كۆيدۇرگەن
قاپقارا قوي كۆز، بەللىرىڭىز.

## گۇل پاشا

ئاق كۆڭلەكنى كىيگەنلەر
سۆرۈن يەرنى خالايدۇ.
بۇكەمنىڭ سەتەڭلىرى (گۇل پاشا)،
بۇدۇر چاچنى خالايدۇ.

سەنمۇ ئېيتقىن دەردىڭنى،
مەنمۇ ئېيتاي دەردىمنى.
ئەجەبمۇ نادانكەنمەن (گۇل پاشا)،
بىلمەپتىمەن قەدرىڭنى.

ئايدىن ئايرىيالمايمەن،
ئاي يۇزۇڭنى كۆرگەندە.
ئەيمىنىپ قارالمايمەن (گۇل پاشا)،
قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە.

ئوينىۋالسىلا، گۇل پاشا،
ھەر تەرەپلەپ كەڭ تاشا.
ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا.

## قەشقەر ھاۋاخان

قەشقەر ھاۋاخان،
كۇچا نوباخان.
ئەسلا يادىمدىن كەتمەس
ئالتۇن ھاۋاخان.

تەخسىدە كاۋاپ،
بەرسىلە ساۋاب.
ئاشنام باقىدۇ
قوينىغا سولاپ.

ئۇنداق دېمىسىلە،
مۇنداق دېمىسىلە.
ئاخشام بولغان گەپ - سۆزنى
كىشىگە دېمىسىلە.

ئۆرگىلىپ ئوينايمىز،
چۆرگىلىپ ئوينايمىز.

ئەتىياز كەلسۇن،
باغچىدا ئوينايمىز

چەللەڭدە پاختەك
ئەگىپ ئوينايدۇ.
قەشقەر باللىرى
ئەزەلدىن ئوينايدۇ.

## يارىم خۇمالىق

ياز بولسا ئېچىلمايدۇ
باغدا گۈللەر ھەر ياڭزا.
بۈگۈن ئونبەش كۈن بولدى (يارىم خۇمالىق)،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ بۆلەك ياڭزا.

چىلانباغقا بارماڭلار،
چىلانباغدا يىلان بار.
مەن يارنى دېگەن بىلەن (يارىم خۇمالىق)،
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار؟

ئوينىغۇالسىلا بىر بەش كۈن،
تاقەت قىلسىلا ئونبەش كۈن.

گۈل قىسىپمۇ چىقمايسەن،
بېغىڭدا گۈلۈڭ يوقمۇ؟

چىرايىڭنى ئاچمايسەن (يارىم خۇمالىق) ،
كۆڭلۈڭدىكى يار يوقمۇ؟

يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
زىلۋا بويىدا گۈل بار.
شېرىن سۆزلىرى تاتلىق (يارىم خۇمالىق) ،
ئايدەك يۈزىدە خال بار.

ئات مىنەمسەن، تايچاقمۇ؟
راست ئېيتامسەن، چاقچاقمۇ؟

## ئاللا بالىخان

ئۆز يۇرتۇمدىن ئات ئېلىپ،
مىنىپ كەلدىم يۈگەنسىز.
مەن بۇ يۇرتقا مۇساپىر،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

ئاقسۇنىڭ كوچاسىدا
رەتمۇرەت تېرەكى بار.
سەن قارىمساڭ مەيلى،
ئۆچىرەتتە بۆلەكى بار.

ئاتلارنىڭ ئاراسىدا،
مېنىڭدەك ئېتىڭ بارمۇ؟

ئارقاڭغىلا قارايسەن،
يارغا بىر گېپىڭ بارمۇ؟

ئاللا بالىخان كەتتى،
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

## نىساگۇل

هويلاڭدىكى ئۈجمەڭنى
ئىلمەكتە ئېگىپ يەيمەن.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ (ۋاي نىساگۇل)،
ئۆزۈم ئىشلەپ تېپىپ يەيمەن.

باغىڭغا كىرەر بولدۇم،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
يۇرتۇڭغا مۇساپىرمەن (ۋاي نىساگۇل)،
هالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

هاۋانى تۇمان باستى،
تۇماننى بۇلۇت ئالدى.
غېرىب بولغان كۆڭلۈمنى (ۋاي نىساگۇل)،
مۇساپىر دوستلىرىم ئالدى.

## دوست خېنىم، ئامان ـ ئامان

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.

ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۇزۇلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.
(دوست خېنىم، ئامان ـ ئامان،
يار ئوتتۇق يامان).

كېچە بىر ئۇيقۇدا ياتسام،
ئېتىكىنى قامچىلاپ ئۆتتۇڭ.
گېپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۇڭ.
(دوست خېنىم، ئامان ـ ئامان،
يار ئوتتۇق يامان.)

يارنىڭ يارلىقى كەلدى،
تۇگكەن ياغلىقى كەلدى.
يارغا مەن باراي دېسەم،
جاھاننىڭ تارلىقى كەلدى.
(دوست خېنىم، ئامان ـ ئامان،
يار ئوتتۇق يامان.)

## ئالتۇنجان

بارىسەن دېگەن يارىم،
يانىسەن دېگەن يارىم.

سەن مېنىڭدىن ئايرىلساڭ، ئالتۇنجان،
ئۆلسەن دېگەن يارىم.

قاشىڭ ئەسلىي قارادۇر،
ئۇسما قويغىنىڭ يالغان.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۇم، ئالتۇنجان،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان.

قىزىلگۇلنى دېمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سەن يارىمنى دېمىسەم، ئالتۇنجان،
بۇ شەرىڭدە يۈرگۈم يوق.

ئىرادەمدىن قايتمايمەن، ئالتۇنجان،
سەندىن مەن ئايرىلمايمەن.

## قەشقەرنىڭ جۇۋانلىرى

ئىلىخو دېگەن قايسى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن (غورۇلاي كۆز)،
قارلىغاچنىڭ بالاسى.

ھاۋانىڭ تۇمانلارى،
يىلقىنىڭ غۇنانلارى؛

چاي دېسەم شاراب بەرگەن (غورۇلاي كۆز) ،
قەشقەرنىڭ جۇۋانلارى.

قارلىغاچ قارا بولۇر،
قاناتى ئالا بولۇر.
يارىڭ بىۋاپا بولسا (غورۇلاي كۆز) ،
بېشىڭغا بالا بولۇر.

## ۋاي سارىگۇل

ئېگىز ئايۋان، پېشايۋان،
مەن ياتمايمەن، ئۆزۈڭ يات.
يار دېگەن سەندەك بولسا (ۋاي سارىگۇل) ،
يار تۇتمايمەن، پەندىيات!

دۇتارنى چېلىپ بولۇپ،
كات تۆپىسىگە ئەپ قويدۇم.
ۋاپاسىزنىڭ قىلغىنىنى (ۋاي سارىگۇل) ،
يۇرىكىمگە سەپ قويدۇم.

بارغا قىلدىم قانائەت،
خۇدايىم قىلسۇن سالامەت.
بىلىپ قويغىن مال - دۇنيا (ۋاي سارىگۇل) ،
تۆت - بەش كۇنلۇك ئامانەت.

## جېنىم جورام

شاپتۇل شېخى لىڭشىيدۇ،
شاپتۇل شېخىدا كىم بار؟
مەن يارنى دېگەن بىلەن (جېنىم جورام)،
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار؟

راۋابىڭنى ئالساڭچۇ،
بېرىپ چۆللەردە چالساڭچۇ!
سەن مۇساپىر، مەن غېرىب (جېنىم جورام)،
مېنى ئارقاڭغا سالساڭچۇ.

مەن سېنى تولا ئويلاپ،
ئۆستەڭ بويىنى بويلاپ؛
كەلسەم سېنىڭ ئالدىڭغا (جېنىم جورام)،
نەدە يۈرسەن ئويناپ؟

## گۈللەللە

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى (گۈللەللە)،
كىيگەندە ساپالمىدىم (گۈللەللە).
سەن يارىمنىڭ دەردىدە (گۈللەللە)،
تولغىنىپ ياتالمىدىم (گۈللەللە).

ئۆجمە تەرگىننىڭ راستمۇ (گۈللەللە) ،
جىگدە تەرگىننىڭ راستمۇ (گۈللەللە) .
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ (گۈللەللە) ،
قىلغان - ئەتكىننىڭ ئازمۇ؟ (گۈللەللە) .

ئىچىۋالىدۇ دەيدۇ (گۈللەللە) ،
چېكىۋالىدۇ دەيدۇ (گۈللەللە) .
ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ (گۈللەللە) ،
دەرد كەلمىسە بىلمەيدۇ (گۈللەللە) .

## جانىم ئاينۇرخان

جېلىلىيۈزنىڭ ئالمىسى
كۈزدە پىشامدۇ؟
ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى
سىزگە چۈشەمدۇ؟

جىلۋىزىمنىڭ ھويلاسىدا
بىرقىز ياتامدۇ؟
چار يىلاندەك تولغىنىپ،
جاننى ئالامدۇ؟

جانىم ئاينۇرخان،
سەن مېنىڭ يارىم.

جانىم ئاينۇرخان،
دۇتارىمغا پەي تارىم.

## لەۋەن يارلار

ئالماڭنى ئىرغىتمامسەن
دەريانىڭ ئېقىشىغا.
يازغان خەتلىرىڭ تەگدى
يۈرەكنىڭ بېغىشىغا (ۋاي، لەۋەن يارلار).

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۇگمەننىڭ نورى دەيمەن.
بېشىمغا ھەربالا كەلسە،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن (ۋاي، لەۋەن يارلار).

ئىشىك ئالدى تېرەك بوستان،
تېرەك بوستانغا مەن ھەيران.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپتى،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ۋەيران (ۋاي، لەۋەن يارلار).

غېرىب بولغانغا ئاھ دەيمەن،
بېرىپ چۆللەردە يىغلايمەن.

## ئايشەمگۈل

يارىم بارمىغان تويغا،
مەن سورىماي بارالمايمەن.

يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك (ئايشەمگۈل)،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.

ئۆيىڭىز قەيەردىرەك،
مەن باراي شۇ يەرگىرەك.
بەلگىمىز بوستان تېرەك (ئايشەمگۈل)،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

يارىم كەلدى قول سېلىپ،
توغرا - توغرا يول ئېلىپ.
قاياندىن چىقىپ كەللە (ئايشەمگۈل)،
يۈرەكىمگە ئوت سېلىپ.

## گۈلئايىم

دۇتارنى چالالامىلا؟
پەدىسىنى باسالامىلا؟
مەن ماڭغان كوچا بىلەن
قورقماستىن ماڭالامىلا؟

چوڭ يول بىلەن ماڭساڭچۇ،
ئېتىمىزلىقنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
مېنىڭ كۆڭلۈمنى غەش قىلماي.

سەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا،
مەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز
ناچۇق ئۆستەڭ بويىدا.

ئاللا - ئاللا، گۇلئايىم،
كۆرگۈم كېلىدۇ دائىم.

## مىزانگۇل

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
قەشقەر يولىغا قاراپ (يا دوست، ئا يارەي).
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

كۈندە كۆرمىدىم يارنى،
كۈنىدە كۆرەرمەن دەپ (يا دوست، ئا يارەي)،
ئۈمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.

مىزانگۇلۇم، مىزانگۇل،
يارنىڭ گۈلى ئالتۇن گۇل.
قىسقان گۇللىرى رەيھانگۇل،
ئازادىخان، ئا يارەي.

## يارى - يار

سەندەك بولامدۇ قىز دېگەن،
گېپىڭ سوغۇقكەن، يارى - يار.
قاياقتىكىن سېنىڭ يۇرتۇڭ،
گېلىڭ پوخاقكەن، يارى - يار.

كىيگەن بەتىنكەڭ كۆن ئىكەن،
چەمىمۇ يوقكەن، يارى - يار.
يېنىمدا ئولتۇرساڭ كېلەڭسىز،
پەمىڭمۇ يوقكەن، يارى - يار.

كۆزۈڭگە باقسام بىلمەيسىنا؟
نېمىدەپ قارايدۇ دېمەيسىنا؟
لاي سۇ ئىچەمتىڭ شەھەرگە كىرىپ،
ماروژنى تۇتسام يېمەيسىنا؟

يېمەيسىنا، يېمەيسىنا،
بىرنى كۆلەي دېمەيسىنا؟

## چىمەندەگۈل

قىزىلگۈل ئاراسىدا، چىمەندەگۈل،
مەن سېنى كۆرۈپ قالدىم، ۋاي دادەي.

ئېيتمىغانغا بولمايدۇ، چىمەندەگۈل،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم، ۋاي دادەي.

ئىشىك ئالدى تال - تاللار، چىمەندەگۈل،
تال تۆپىسىدە مارجانلار، ۋاي دادەي.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە، چىمەندەگۈل،
كۆيۈپ كەتتى بۇ جانلار، ۋاي دادەي.

بېغىڭغا كىرىۋېلىپ، چىمەندەگۈل،
ئۆرۈك ئىرغىتاي، يارىم، ۋاي دادەي.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ، چىمەندەگۈل،
سېنى يىغلىتاي، يارىم، ۋاي دادەي.

## يارىگۈللا

ئايال: قېلىن توغراق ئىچىدە، يارىگۈللا،
توختى چوڭنىڭ ئۆيى بار، دوستى گۈللا.

ئەر: ئالاي دېسەم بەرمەيدۇ، يارىگۈللا،
بويىغا يەتكەن قىزى بار، دوستى گۈللا.

ئايال: دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام، يارىگۈللا،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ، دوستى گۈللا.

ئەر: دەردىڭ بولسا ئېيت، يارىم، يارىگۈللا،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم، دوستى گۈللا.

ئايال: تام تۈۋىدە بىر پىلەك، يارىگۈللا،
بىر پىلەكتە ئون خەمەك، دوستى گۈللا.

ئەر: پىچىقىم يەكەندە قاپتۇ، يارىگۈللا،
يېيىشلىرى ئاچچىق خەمەك، دوستى گۈللا.

## گۈليار

ساز خوتۇننى سەن ئالساڭ، گۈليار،
تاز خوتۇننى ئالمايمەن، گۈليار.
ئەمدى پۈتۈم ئاغرىيدۇ، گۈليار،
سىېنىڭ بىلەن ماڭمايمەن، گۈليار.

قارا كۆز مېنىڭ دەيسەن، گۈليار،
ياندىكىنى ياراتماي، گۈليار.
كېتىۋەرگىن يولۇڭغا، گۈليار،
سۆز - چۆچەكلەر تاراتماي، گۈليار.

ئۆيىڭىزدە غاز بارمۇ، گۈليار،
غېجەك، تەمبۇر ساز بارمۇ، گۈليار.

چاقىرسامۇ كەلمەيسىز، گۇليار،
سىزدە شۇنداق ناز بارمۇ، گۇليار.

## ھەپىرەڭ خېنىم

باغدا گۇللەر بولمىسا،
ساپلا بۇدۇشقاق بولغۇدەك.
يانچۇقتا موچەن بولمىسا،
خوتۇن ئۇرۇشقاق بولغۇدەك.

مەن ئۆزۈم يالغۇز ئوغۇل،
باللىرىمنىڭ ئەڭنى يوق.
ئاز - تولا نورما تىلەپ،
ئەلگەكنى تاپسام، تەڭنە يوق.

ھەپىرەڭ خېنىم،
زەپىرەڭ خېنىم.
ئۆيدە ئاق ئۇن يوق،
زاغرا يەڭ خېنىم.
ئەتىۋار خېنىم،
دەردى بار، خېنىم.
سىزگە مەندەك ئەر
نەدە بار، خېنىم؟

## گۇلئايشەم

رومىلىمنىڭ يوقىدىن
بىلىمگە باغلىدىم ياغلىق.
يار مەندىن يامانلاپتۇ، گۇلئايشەم،
ئۇنىڭ دەردىدە مەن ئاغرىق.

دەريانىڭ ئۇيانىدا
كۆرۈنگەن تېرەك بىزنىڭ.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن، گۇلئايشەم،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ.

ئەل مېنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ، گۇلئايشەم،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

گۇلئايشەم بالا،
نېمىشقا ئوينىغان باشتا.

## ئاق بالىخان

سەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك،
مەنمۇ ئانارنىڭ دانىسىدەك.

يۈرەكتە ئوتلار قايناپدۇ،
چاغاندا ياققان پانۇستەك.

سەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا،
مەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز
ناچۇق ئۆستەڭ بويىدا.

ئاق بالىخان، ئۆزۈڭ بىلىسەن،
مېنىڭ تارتقان جاپايىمنى.
سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆپ يىغلاپ،
ئۆرۈپ سوققان ساپايەمنى.

## ئاللا - باللا

بىزنىڭ باغدا شال يوقتى، ئاللا - باللا،
شال پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئاللا - باللا.
بىزنىڭ ياردا هال يوقتى، ئاللا - باللا،
هال پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئاللا - باللا.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە، ئاللا - باللا،
يەپ كېتەيلى هەۋەستە، ئاللا - باللا.
ئايدا - يىلدا ناز قىلىپ، ئاللا - باللا،
قېچىپ كەتلە بىر پەستە، ئاللا - باللا.

مەن شۇنداق بولارمەنمۇ، ئاللا - باللا،
گۈلخاندا ياتارمەنمۇ، ئاللا - باللا.
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن، ئاللا - باللا،
ياردىن ئايرىلارمەنمۇ، ئاللا - باللا.

## ئاچچىغا سىنچاي

تۇمۇچۇق مېنىڭ بولسا،
تۇمشۇقۇمدا دان بەرسەم.
چىرايلىق مېنىڭ بولسا،
قۇچىقىمدا جان بەرسەم.

ئاق كەپتەرمۇ ئۈنلەشكەن،
كۆك كەپتەرمۇ ئۈنلەشكەن.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
ئايرىلىشتا گەپلەشكەن.

سىنىڭ دوپپاڭنى مەن كىيسەم،
ساڭا ئوخشامدىمەن، يارىم؟
جاپايىڭنى تولا تارتتىم،
سېنى تاشلامدىمەن، يارىم.

ئاچچىغا سىنچاي سەتەڭنىڭ،
سىڭلىسىغا قەن چاي.

ئۇسساپ كەتكەن بولسىلا
قوم تاۋۇز پىچاي.
تەرلەپ كەتكەن بولسىلا
ئۆستەڭگە پىشاي.

## ئالمىچى ئانارىڭ قەندەكمۇ

يا ئاتامدىن ئېيتماپتۇ،
يا ئانامدىن ئېيتماپتۇ.
بۇ مېنىڭ قارا بەختىم، بالا،
ياخشى ياردىن ئېيتماپتۇ.

يارىڭنى ئېلىپ كەلگىن،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆزىگە ئىلمىغانلارنىڭ، بالا،
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
كاماردا كامال تاپسۇن.
بىزنى يامان كۆرگەنلەر، بالا،
ئۆزلىرى زاۋال تاپسۇن.

سەن ئۇ يەردە ئەترەتتە،
مەن بۇ يەردە ئەترەتتە.

كىمگە بېرىپ دادلايمەن، بالا،
مەن بۇ يەردە ھەسرەتتە.

ئالمىچى ئانارىڭ قەندەكمۇ؟
سۆيگەن يارىڭ مەندەكمۇ؟

## ئالانۇرخان

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
يارىمنىڭ ئوتى يامان (ئالانۇرخان)،
يۇرىكىمدىن كەتمەيدۇ.

يارىم كەلدى يىراقتىن،
ئارقىمدىكى يول بىلەن.
كۆڭلىنى ئالاي يارنىڭ (ئالانۇرخان)،
قولۇمدىكى گۈل بىلەن.

دۇتارنى چېلىپ - چېلىپ،
تارىنى ئۈزۈۋەتمەڭ!
مېنى يىراققا كەتتى دەپ (ئالانۇرخان)،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمەڭ.

## جىنەستە

مەن بارمايمەن يەكەنگە،
بېلەت ساتماپتۇ خوتەنگە.

يېڭىياچە يار تۇتسام،
جىگدە سالدى بۆكەمگە.

بۇگۇن ئايدىڭ بەك بولدى،
گېزىتكە ئالىمەن ئاينى.
مەن يارغا چىدىمايمەن،
قانداق قىلىمەن ئەمدى؟

جىنەستەيۇ - جىنەستە،
بىزنىڭ باغدا جىنەستە.
ئالدىمدا كۇلۇپ قويۇپ،
ئوينىۋاپسىز كۆرمەستە.

## سەيدەم

مەن ئېتىمنى سالمايتتىم
دەريا بويى لۆم - لۆمگە.
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

ئاسمانغا چىقاي دەمسەن،
بۇلۇتقا مىنەي دەمسەن؟
ئۆزى كەلمىگەن يارنى
چىللاپ كەلتۇرەلەمسەن؟

ئىچىم قايناۋدۇ - قايناۋدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
پەلەك ئالدىدا خار بولدۇق،
ئېچىلماي توزۇغان گۈلدەك.

ئاھ، سەيدەم، جېنىم سەيدەم،
ساقايماس مېنىڭ مەيدەم.

## سەتەڭنى تاللاپ سۆيگەنلەر

سۆسەر تۇماق كىيگەنلەر،
سەتەڭنى تاللاپ سۆيگەنلەر.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
بىر نامەردكە كۆيگەنلەر.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرەكىم قانمىدى يارغا.

ۋەدە شۇ، ئازادە شۇ،
ئوينىغاننىڭ دەردى شۇ.

## مىراجىخان

ئۆزۈڭ بۇندا بارامسەن؟
مېنى ئۇندا قويامسەن؟

ئۆزۈم سالغان باغچامغا، مىراجىخان،
مېنى تاشلاپ كېتەمسەن؟

ئالتە شەگە داڭ كەتتى
بۇ يىل كارىز سەيلىسى.
ھەر تەرەپتە بەزمىسى، مىراجىخان،
ياش باللانىڭ نەغمىسى.

## يۇمىلاققا سەن يۇمىلاق

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭ ئاغرىمدىكىن، يارىم؟
دەردىڭدە ئۆلۈپ كەتسەم،
ئىچىڭ ئاغرىمدىكىن، يارىم؟

دۇتارىم جىرىڭلايدۇ،
ئىچىدە ماش بارمىكىن؟
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
ئىچىدە قۇياش بارمىكىن؟

يۇمىلاقۇ توم يۇمىلاق،
سەن چىرايلىق، مەن ئامراق.

## ھا - ھا - ھا

ئاتۇشنىڭ بازارىغا
ئۇن ھارۋىدا قاق كىردى.

سەن يارىمنىڭ دەردىدە
ساقال - بۇرۇتۇمغا ئاق كىردى.
ھا - ھا - ھا...

ئاق چەكمەن، قارا چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.
مۇشۇ كەمنىڭ يىگىتلىرى
تەڭدىن تولىسى دەردمەن.
ھا - ھا - ھا...

## كاككۇك

كاككۇك تولا سايرايدۇ،
باھار بولغان ئوخشايدۇ.
كۆڭلۈم خۇش بولۇپ قاپتۇ، جېنىمەي،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى
ياشارغان تېرەكلەرگە.
يارنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، جېنىمەي،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

كاككۆك ئاشىقى زەينەپ،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
بۆلبۆل سايرىغان چاغدا، جېنىمەي،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

## توي قىلىپ چاتقان بىلەن
(ھەجۋىي)

گۆلنى گۆلگە بەردىلە،
گۆلنى تىكەنگە بەردىلە.
قىز خىلىنى تاپقۆچە،
قېرى بوۋايغا بەردىلە.

بۆ كىشى قانداق كىشى،
ئاق نانغا ئۆتمەيدۆ چىشى.
ئاق نانغا ئۆتمىسە چىشى،
چايناپ بېرەر تەگكەن كىشى.

ئون ئالتىدە قىزنىڭ يېشى،
يەتمىشتە بار ئەرنىڭ يېشى.
توي قىلىپ چاتقان بىلەن،
پۆتمەس ئاخىر ئۆنىڭ ئىشى.

# ئەر بىلەن خوتۇن
(ھەجۋىي)

خۇش مېھرىباندۇر
ئەر بىلەن خوتۇن.
مېھرىبان قىلغان
گۆش بىلەن ئوتۇن.
ئۆيۈڭدە ئۇن بولماي،
گۆش بىلەن ياغ بولماي،
باغلاپ قويساڭمۇ
تۇرمايدۇ خوتۇن.

خۇش مېھرىباندۇر،
ئەر بىلەن خوتۇن.
مېھرىبان قىلغان
گۆش بىلەن ئوتۇن.
ئۆيۈڭدە ئۇن بولۇپ،
توققۇزى تەل بولۇپ،
ھەيدىۋەتسەڭمۇ
كەتمەيدۇ خوتۇن.

خۇش مېھرىباندۇر
ئەر بىلەن خوتۇن.

مېھرىبان قىلغان
تاۋار ھەم دۇردۇن.
بېشىڭغا كۇن چۇشۇپ،
چاپانغا پىت چۇشۇپ،
شۇ كۇنگە قالغاندا،
بىزاردۇر خوتۇن.

خۇش مېھرىباندۇر
ئەر بىلەن خوتۇن.
مېھرىبان قىلغان
دۇخاۋا، دۇردۇن.
يېنىدىن كەتكۇزمەي
(ئۇنداق خوتۇننىڭ)
مۇشت بىلەن تاياقنى،
شۇنداق تۇتقاندا،
مېھرىبان خوتۇن.

## خېنىم - خېنىم، جانان خېنىم

خېنىم - خېنىم، جانان خېنىم،
بىيىت ئېيتاي، ئاڭلاڭ، خېنىم.

ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ، خېنىم،
ئاشىقىڭمەن، خۇما خېنىم.

ئېسىۋېلىڭ تۇما، خېنىم،
جامالىڭنى ياپما، خېنىم.
شامال بولۇپ قاچما، خېنىم،
شامال بولۇپ قاچساڭ، خېنىم،
مەيدەم بىلەن توساي، خېنىم.
ئاق قار بولۇپ ياغساڭ، خېنىم،
ماموق قىلىپ ياتاي، خېنىم.
يامغۇر بولۇپ ياغساڭ، خېنىم،
قۇملۇق بولۇپ يۇتاي، خېنىم.
ئاق مۇز بولۇپ قاتساڭ، خېنىم،
يۈرىكىمنى ياقاي، خېنىم.
دەريا بولۇپ ئاقساڭ، خېنىم،
بېلىق بولۇپ ئويناي، خېنىم.
چىراغ بولۇپ يانساڭ، خېنىم،
پىلىك بولۇپ كۆيەي، خېنىم.
ئالتۇن بولۇپ تۇرساڭ، خېنىم،
زەرگەر بولۇپ سۆيەي، خېنىم.
چېچەك بولۇپ تۇرساڭ، خېنىم،
بۇلبۇل بولۇپ قوناي، خېنىم.
چىمەن بولۇپ تۇرساڭ، خېنىم،
قوزاڭ بولۇپ ئويناي، خېنىم.
دەردىم تولا بىلگىن، خېنىم،
خۇش كەتتى چاي، ئالغىن، خېنىم.

## يىگىت ـ يىگىت، مەردان يىگىت

يىگىت ـ يىگىت، مەردان يىگىت،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلاڭ، يىگىت.

خەلقىئالەم گۇۋاھ، يىگىت،
مەنمۇ كۆيەي خۇما، يىگىت.
جانىمغا جان، داۋا، يىگىت،
ئېسىۋالسام تۇما، يىگىت.
تاغقا چىقسام دۇلدۇل، يىگىت،
باغقا كىرسەم بۇلبۇل، يىگىت.
قىسىۋالسام بىر گۇل، يىگىت،
سۆزى شېكەر، قوبۇل، يىگىت.
مەلۇم بولسۇن ھالىم، يىگىت.
چىنىدە چاي، تەزىم، يىگىت.

## بار ئىدى
(چاي تۇتۇش بېيىتى)

1

بېغىمدا تاللىرىم ئون مىڭچە بارتى،
ئېغىلدا ئاتلىرىم بەش مىڭچە بارتى.

بېغىمدا تاللىرىم ئۈزۈم بولۇپتۇ،
ئوقۇردا ئاتلىرىم دۈلدۈل بولۇپتۇ.

مەن ساڭا كۆيگىلى ئالتە ئاي بولۇپتۇ،
چۈشۈمدە كۆرگىلى يەتتە ئاي بولۇپتۇ.

ساڭا بۇ كۆيمىكىم شۇنداق ئىرادە،
چۈشۈمدە كۆيگىنىم ئاندىن زىيادە.

سەمەرقەنت يولىغا كىردىم پىيادە،
يار دېدى: ھارماڭ سىز، دۆلەت زىيادە.

بېشىغا ياماشقان چاچلىرى سۇمبۇل،
شۇ ئوتتا چوغ بولغان مېھرىبان بۇلبۇل.

يامانلاپ كەتمىسىلە، كەلسىلە قېشىمغا،
مالامەتنى ئېلىپ مەن تۇردۇم بېشىمغا.

2

بېغىمدا تاللىرىم مىڭدەك ئىدى،
ئېغىلدا تايلىرىم يۈزدەك ئىدى.

بېغىمدا تاللىرىم ئۈزۈم بولۇپتۇ،
ئېغىلدىكى تايلىرىم دۈلدۈل بولۇپتۇ.

مەن سىلىگە كۆيگىلى ئالتە ئاي بولۇپتۇ،
چۈشۈمدە سۆيگىلى يەتتە ئاي بولۇپتۇ.

مېنىڭ سىلىگە كۆيمىكىم ھەقتىن ئىرادە،
چۈشۈمدە سۆيگىنىم ئاندىن زىيادە.

مەن سىلىگە كۆيگەندە بۇلبۇل بولۇپتىم،
قولىلىرىغا قونىدىغان قۇرغۇي بولۇپتىم.

قۇرغۇيۇم چوكىيىپ ئۇچقۇدەك بولدى،
ئۇچا - ئۇچا ئۇدۇل بېرىپ باغلىرىغا قوندى.

باغلىرىغا قونسىغۇ، ئۇندەپ ئالۇرمەن،
چۆل - باياۋانغا كەتسە قايدىن تاپۇرمەن؟



# قارا يورغا

تەقدىر ئاللا، تەقدىر ئاللا،
هالىم قالمىدى.
يار قېشىغا بارار ئىدىم،
توخۇ چىللىدى.

قارا يورغام بار چېغىمدا
قاناتلىق ئىدىم.
تاغدا كېيىك يايداق بولسا،
مەن ئاتلىق ئىدىم.

ئاھ، يورغامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى
قارا ئارغامچا.
ئىگەر - توقۇم يولدا قالدى،
بىلىمدە قامچا.

يۈگەن، نوختىنا سالغان يەردە
تونۇم قېپقاپتۇ.

قېشى قارا، بېۋاپادىن
كۆڭلۈم قېپقاپتۇ.

ئېگىز داۋان ئاشماغۇنچە
مەنزىل كۆرۈنمەس.
قارا يورغا مىنمەگۈنچە
چۆللەر تىز پۈكمەس.

ئاتلىرىمنى قويۇۋەتتىم
يېشىل قىياققا.
بىزنىڭ غازلار چىقمامدىكىن
جەگىن بۇلاققا.

تومۇزلاردا پۇتۇك پۇتۇپ،
كۆيدى پېشانەم.
ئۆزۈم ئۆلسەم، خېتىم قالسۇن،
نامۇنىشانەم.

بۇ يوللار ئۆكسۈمەيدۇ
توققۇز تارالىق.
مەن يارىمدىن ئايرىلغانىم
كۆڭلى قارالىق.

ئاتام مېنى تاشلىۋەتتى
ئەسكى چالما دەپ.

ئانام بولسا باقار ئىدى
قىزىل ئالما دەپ.

تاماكىنى تارتقان بىلەن
غىزا بولامدۇ؟
قۇرۇق ئەلەم تارتقان بىلەن
كۆڭۈل ئۇنامدۇ؟

ئەتىگەندە كۈن قىزىلى
ساينى تالىشۇر.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا
خويمۇ يارىشۇر.

مىنگەن ئېتىم قارا يورغا،
قېيىندىن ئىگەر.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى
يۈرەككە تېگەر.

ئالتۇن پىچاق، كۈمۈش پىچاق،
بىلىسەم ئۆتمەس.
ئىشق ئوتى باشقا نەرسە،
سۇ قۇيسا ئۆچمەس...

قارا - قارا قاغىلارنىڭ
قاناتى بولسام.

ئېگىز - ئېگىز چىنارلارنىڭ
شېخىغا قونسام.

جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ
شاگىرتى بولسام.
ئاشىقلارغا قەست قىلغاننىڭ
جېنىنى ئالسام.

ئېتىم بولسا يورغا بولسا،
توقۇسام، مىنسەم،
يارىم بولسا كۆز ئالدىمدا،
ئوينىسام، كۈلسەم.

قارا ئېتىم قارا يايلى،
قارا ئارغامچا.
ئىگەر، يۈگەن چۆلدە قالدى،
بېلىمدە قامچا.

ئىگەر، يۈگەن قالغان يەردە
توقۇمۇ قاپتۇ.
قەلەمقاشلىق، قارا كۆزدىن
كۆڭلۈمۇ قاپتۇ.

بارايلى دەپ بارالمىدۇق
بايلار باغىغا.

باينىڭ قىزى ساپتۇ چەلپەك،
زەيتۇن ياغىغا.

بۇلاقتىكى زۇمرەت سۇنى
ئالدىم قاپاققا.
يارىم كەلسۇن باشقا قاراپ،
دۇشمەن ئاياغقا.

كۇشۇتىدىن ئۆتمىگۈچە①
ئاقتاش ② كۆرۈنمەس.
ئاق بوز ئاتنى مىنمىگۈچە
يارىم كۆرۈنمەس.

تۇمۇچۇقلار تاڭ سەھەردە
سايرىشىپ تۇرسا.
ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىگە
قارىشىپ تۇرسا.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
قېشىدا بولسا.
پەرەڭ ياغلىق ئاشۇ يارنىڭ
بېشىدا بولسا.

① ، ② جاي ئىسىملىرى.

ئىشىك ئالدى ئۇلۇغ دەريا،
ئوتتۇرىسى تارام.
ئۇ قېشىغا ئالما ئاتتىم،
ئالدىڭمۇ جورام؟

ئۆتەلمەستىن ئۇ قىرغاققا
يۈرىمەن، جېنىم
ئۆتمەي دېسەم ئىشق ئوتۇڭدا
كۆيىمەن، جېنىم.

ئاق بۆدۈنەم، كۆك بۆدۈنەم،
جەرەن يۈرۈشلۈك.
چاربباغنىڭ ئىچكىرىسىدە
نېمە دېيىشتۈك؟

بىر ئالمىنى ئىككىمىز تەڭ
چىشلەپ يېيىشتۈك.
ئەركىن كېيىك بالىلىرىدەك
سەكرەپ يۈرۈشتۈك.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا
بىر تۈپ چىنار بار.
ھەر ئاخشىمى تاجىسىغا
قارچىغا قونار.

قارچىغىنىڭ قانىتىغا
چىگىكلىك تۇمار؛
تەگسە مەكتۇپ قولىڭىزغا،
كۆڭلىڭىز تىنار.

كۆل بېشىغا سۇغا چىقتىم،
تۇمارنى ئېسىپ.
ئەجەب يالغۇز ئولتۇرۇپلا،
كىتابنى ئېچىپ.

ئاستا كېلىپ سالام قىلدىم،
بوينۇمنى ئېگىپ.
نېمىشقىدۇر سەزمىدىلە،
كۆڭلۇمنى چىگىپ.

ئاسماندىكى ئاي چۇشۇپتۇ،
شەيدا بولاي دەپ.
قىزىلگۇلدەك ئادىشىمغا
ھەمراھ بولاي دەپ.

قىزىلگۇلدەك ئادىشىم،
مېنىڭ ئادىشىم.
ئايغا باقماي، ماڭا باقار،
جېنىم ئادىشىم.

# گۈلەمخان قوشىقى[1]

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى
يەرگە تېگەمدۇ؟
ئۇنبەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ
ئەرگە تېگەمدۇ؟

كىمنىڭ كىمنى يار تۇتۇشىنى
ھەركىم بىلەمدۇ؟
ئۆزى سۆيمەي، مەيلى بولماي
ئەرگە تېگەمدۇ؟

گۈلەمخاننىڭ تۇرغان جايى
ئويمان بۇلاقتۇر.
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان
شاڭيۇ چولاقتۇر.

---

① بۇ توي ناخشىسى گەرچە غۇلجا تەرەپلەردە ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق تۈرلۈك تارىخىي، ئۆرپ - ئادەت سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ قەشقەردە توي - مەرىكىلەردە كەڭ تارقىلىپ، بىرمۇنچە كۇپلېت ۋە مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، گۈلەمخاننىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. بۇ، تەڭرىتېغىنىڭ ئىككى قانىتىدىكى خەلقنىڭ تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

گۈلەمخاندىن باشقا قىزنى
قېرى ئالامدۇ؟
گۈلەم خېنىم ئۇ چولاققا
زايە بولامدۇ؟

قويلىرىمنى ھەيدىۋېتىم
ئويمان بۇلاققا.
گۈلەمخاننى تۇتۇپ بەردى
شائىيۇ چولاققا.

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى
يەرگە سۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار
قانغا ئۆرۈلدى.

گۈلەمخاننىڭ ئۇستۋاشلىرى
كۆرۈمسىز، جۇلدۇر.
قېرى بىلەن ياتماڭ ھەرگىز،
ساقىلى سانجىلۇر!

گۈلەم خېنىم ئوبدان بالا،
چېچى ئاز ئىكەن.
گۈلەمخاننى ئالغان شائىيۇ
تۇتەك تاز ئىكەن.

يار تۇۋىدە ئۆيلەر بولسا،
ئوينىسا، كۈلسە.
ئەنگى چولاق ئۆلسە، گۈلەم
يار بىلەن يۈرسە.


ئەتە بىلەن كۈن قىزىرىپ،
بۆلۈت تالاشۇر.
ئەختەم بىلەن ئۆتسە گۈلەم،
ئەجەب ياراشۇر.

ئالتە - يەتتە كەپتەرلىرىڭ
قوندى تېرەككە.
تاۋار توندا ئالتۇن تۈگمە،
پاتتى يۈرەككە.

قارا كۆڭۈل زالىم شاڭيۇ،
ئالدىرىما تېخى!
بوينۇڭدا بار گۈلەمخاننىڭ
قىساس تىرنىقى!

راھەت كۆرۈش زالىملارنىڭ
ھەققى دېمەڭلار!
ئەلەم تارتىش كەمبەغەلگە
باقىي دېمەڭلار!

ئامان بولساق يوقىتارمىز
شاڭيۇ قېرىنى.
سۆيىدىغان زامان كېلەر
ھەركىم يارىنى.



# روزىلەم[1]

روزىلەم ئوبدان بالا،
شاتىۋادا كۆڭلىكى.
بىر تېپىشقان ئەمەسمۇ
ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
قوينىڭ بالىسى قوزىلەم.

روزىلەمنىڭ ھويلىسى
چوقچىدىكى كەڭلىكتە.
روزىلەمگە كۆيدۈم دەپ،
ئەمدى قالدىم تەڭلىكتە.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
بىللە ئۆتسەم سەن بىلەن.

ئۆز ئۆيۈمنىڭ يوقىدىن
دەڭدە ياتتىم ئەمەسمۇ؟

① روزىلەم — قەشقەر - ئاتۇش تەۋەسىدە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تارىخىي قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ نۇسخىنى شائىر سەلەي قاسىم ئىجادىي توپلاپ، رەتلىگەن. بۇ قوشاق توي - مەرىكىلەردە ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلىدۇ.

روزىلەمنىڭ دەردىدە
ھاڭدا ياتتىم ئەمەسمۇ؟
روزىلەما - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

باغ ئىكەنا، باغ ئىكەن،
ئەنجان تاملىق باغ ئىكەن.
روزىلەمنى ماڭا بەرسە،
بويى بويۇمغا چاغ ئىكەن.
ئاللا - ئاللا روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

كاتتايلاقتا بارغۇچە،
ناخشا ئېيتتىم ھارغۇچە.
چىق ئۆيدىن روزىلەم،
كۆرۈۋالاي قانغۇچە.
ئاللا - ئاللا روزىلەم،
ماڭا كەلدى دەرد - ئەلەم.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.
روزىلەمنىڭ دەردىدە
تولغىنىپ ياتالمىدىم.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد - ماڭا ئەلەم.

سۇغا چىقتىم كۆلچەككە،
كۆزۈم چۈشتى ئۆردەككە.
ئۆمرۈم بويى كۆيمەسمەن
روزىلەمدىن بۆلەككە.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

يۇقىرىدىن كەلگەنسەن،
جىگدىگە يۆلەنگەنسەن.
مېنى قىيناپ، روزىلەم،
نېمىشقىمۇ تۆرەلگەنسەن.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ماڭا كەلدى دەرد - ئەلەم.

قوغۇن يېدىم ئايدىڭدا،
قوغۇنلۇقتا باراڭدا.
ھېچنېمەڭ تەڭ كەلمەيدۇ،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭغا.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

ئامراق ئىكەن قىز باللا
تاۋار - دۇردۇن كىيىشكە.
روزىلەمنى كۆرگەندە،
لاغىلدايمەن نېمىشكە؟

روزىلەمۇ - روزىلەم،
ماڭا كەلدى دەرد - ئەلەم.

ئامراق ئىكەن قىز باللا
شايى ئەتلەس كىيىشكە.
ئۇ دۇنياغا بارغاندا،
ئاشىق كىرسۇن بېھىشكە.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمنىڭ ئۆيىگە
كۈندە بارغۇم كېلىدۇ.
روزىلەمنى گۈل قىلىپ،
قىسىۋالغۇم كېلىدۇ.
روزىلەما - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

سۇ بويىدا تۇرۇپلا،
تاتلىق سۆھبەت قۇرۇپلا.
ئەقلىڭ بولسا، روزىلەم،
مېنى ھەرگىز ئۇنتۇما.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

كاتتايلاقنىڭ يولىغا
پېتىپ قالدى ھارۋىلار.

روزىلەمگە قەست قىلدى
هارام تاماق لالمىلار.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

مەن نېمە بولدۇم بۇگۈن،
خىيال قىلدىم ئاخشامغا.
روزىلەمنىڭ دەردىنى
قېتىۋالدىم ناخشامغا.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
بىزگە كەلدى دەرد - ئەلەم.

ئايمۇ چىقىپ ئۆرلەيدۇ،
كۈنمۇ چىقىپ ئۆرلەيدۇ.
مېنىڭ تارتقان دەردىمنى
خەلقىئالەم بىلمەيدۇ.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

بېشىمدىكى دوپپامنىڭ
گۈلى نەچچە ساناپ باق.
دەردىم تولا، روزىلەم،
چىرايىمغا قاراپ باق.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

مەن ئۆيۈڭگە بارغاندا،
سۆ ئەكەلدىڭ چەينەكتە.
مەن قولۇمنى تەڭلىسەم،
قۆيۈۋەتتىڭ جەينەككە.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

ئاناڭ كۆرۈپ «ھىم» دېدى،
مېنى سوراپ «كىم؟» دېدى.
مەن كەتكەندە، روزىلەم،
ساڭا كېيىن نېمە دېدى.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

مەن بازارغا بارمايمەن،
ياندا پۇلۇم يوق مېنىڭ.
روزىلەمدەك يارىم بار،
مەڭگۈ كۆڭلۇم توق مېنىڭ.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

راۋابىمدا بەش تارى،
چىڭ تارتىلغان قاتارى.
كىمنىڭ مەيلى كىم بىلەن،
باشقىلارنىڭ نېمە كارى؟

روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمنىڭ مەلىسى
ئېگىز يارنىڭ بويىدا.
ھەيران قالار خالايىق
ئىككىمىزنىڭ تويىغا.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمگە كۆيدۇم دەپ،
دەردتە قالدىم ئەمەسمۇ؟
روزىلەمنى ئالالماي،
گەپكە قالدىم ئەمەسمۇ؟
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمنىڭ يۈزى ئاق،
قېشى قارا ئەمەسمۇ؟
روزىلەمگە كۆيگەچكە،
قەلبىم يارا ئەمەسمۇ؟
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ماڭا كەلدى دەرد - ئەلەم.

روزىلەمنىڭ قاشلىرى،
يەلپۈنىدۇ چاچلىرى.

روزىلەم دەپ تۆكۆلەر
كۆزلىرىمنىڭ ياشلىرى.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

ئاق قوناقنىڭ باشلىرى،
كۆممىقوناقنىڭ باشلىرى؛
مېنى قويدى ئەلەمدە
كالتە بازار ياشلىرى.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

بۇغدايلىقتا قارىسام،
چۇشۇپ قاپتۇ قارىمۇق.
دەرد - ئەلەمدىن يىغلىسام،
ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق.
روزىلەمۇ - روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.



# قەمبەرنىسا[1]

قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدى،
شېخىدا سايرىغان بۇلبۇل ئىدى.
ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدى،
دەسسەپ پەلەك چىلگ يانجىدى.
جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئوتتۇڭ يامان مەرەمنىسا.

قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدى،
شوخ سايرىغان بۇلبۇل ئىدى.
ئول خۇدانىڭ تەقدىرى،
ئىككى قىزىمدىن ئايرىدى.
جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئوتتۇڭ يامان مەرەمنىسا.

كەچمىشلىرىڭ ئەيلەي بايان،
ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدىڭ.

---

① قەمبەرنىسا — قەشقەر - ئاتۇش تەۋەسىگە كەڭ تارقالغان خەلق داستانى بولۇپ، تارىخى 1943 - يىلى يۈز بەرگەن. بۇ نۇسخىنى شائىر سەلەي قاسىم، ئۇچقۇنجان-ئۆمەرلەر ئىجادىي رەتلىگەن.

ئاسماندىكى ئايىم ئىدىڭ،
بوينۇمدىكى ئۈنچە ئىدىڭ.
جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئوتتۇڭ يامان مەرەمنىسا.

قەمبەرنىسا جانىم ئىدىڭ،
ئۆسكەن نۆۋەر تالىم ئىدىڭ.
نۇر چاقنىغان يۇلتۇز ئىدىڭ،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇز ئىدىڭ.
جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئوتتۇڭ يامان مەرەمنىسا.

چاقتى سېنى يىلان، چايان،
قىستى سېنى بۇ تار زامان.
ئاپئاق ساقال بىر چال ساڭا،
سالدى، بالام، چاڭگال ساڭا.
ئاكاڭ سېنىڭ زالىم ئىدى،
تەگ، دەپ سېنى بەك زورلىدى.
توي ئاخشىمى قاچتىڭ، بالام،
زۇلۇمغا تاش ئاتتىڭ، بالام.
يا، ھەسرىتا، بىلمەپتىمەن،
بۇنداق بولار دېمەپتىمەن.
سۇغا ئېتىپ ئۆزۈڭنى سەن،
قانداق يۇمدۇڭ كۆزۈڭنى سەن.
ياقا يىرتىپ تۇتتۇم ھازا،

كەلدى ماڭا بالا - قازا.
دەردىڭدە، ئاھ! رەڭگىم سامان،
ماڭا، بالام، باقماس زامان.
بايلار، بالام، خۇددى چايان،
ئوڭدا يېتىپ تاپتى ھايان.
بىز ئىشلىسەك ئالماي ئارام،
زار قاقشىغان تەگمەي سامان.
جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئوتتۇڭدا كۆيدۈم مەرەمنىسا.
ئاڭلا جاھان ئاھىمنى سەن،
كۆرگىن مېنىڭ زارىمنى سەن.
قىسمەتلىرىڭ بارمۇ يەنە؟
قىلغانلىرىڭ ئازمۇ يەنە؟
يەتتى ماڭا كۈلپەت - زۇلۇم،
قاپقان - تۇزاق ئوڭ ۋە سولۇم.
ئالدىم قىيا،
كەينىم دوزاخ،
ھەسرەت ، پىغان چەكتىم ئۇزاق.
ئالەم، ساڭا ئېيتاي سۆزۈم،
يوقكەن سېنىڭ مۇتلەق يۈزۈڭ.
ئەجەب تولا ئەزدىڭ مېنى؟
چايناپ يۇتاي دەمسەن مېنى؟
قانخور پەلەك، زالىم پەلەك،
زەردابقا تولدى بۇ يۈرەك.
جېنىم بالام قەمبەرنىسا،

ئوتۇڭ يامان مەرەمنىسا.
قەمبەرنىسا، بىر گۈل ئىدىڭ،
شوخ سايرىغان بولبۇل ئىدىڭ.
شۇنداق توزۇپ كېتەمسىنا؟
يالغۇز مېنى قويامسىنا؟
دۇنيا هارام بولدى ماڭا،
قالدى ئاناڭ يالغۇز مانا.
يا، هەسرىتا، نادامىتا!
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا؟

بىر قولدا باردۇر قايچىسى،
بىر قولدا باردۇر يىڭنىسى.
بۇلتۇر ئۆلۈپتۇ ئاچىسى،
بۇ يىل ئۆلۈپتۇ سىڭلىسى.
جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئوتۇڭ يامان مەرەمنىسا.

قەمبەرنىسا سۇغا چۆكۈپ،
سۇدىن چىقىپ لايغا پېتىپ،
ئۆمرۈم ئۆتەر يىغلاپ يۈرۈپ،
كۆزدىن خۇناب ياشلار ئېقىپ.
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا؟
ئوتۇڭ يامان مەرەمنىسا.
يا، هەسرىتا، نادامىتا!
نادامىتا، نادامىتا!

## قەمبەرنسانىڭ سىڭلىسىنىڭ قوشىقى

ئايدىن گۈزەل ئاچا، سېنى
ئۆلۈپ كېتەر دېمەپتىمەن.
ئاھ! بىئەجەل، ئاچا، سېنى
تۇگەپ كېتەر دېمەپتىمەن.
بىلمەپتىمەن، بىلمەپتىمەن،
بۇنداق بولار دېمەپتىمەن.

ئالەم، سېنى كەڭ دەيدىكەن،
قېنى سېنىڭ كەڭلىكىڭ.
ئاچام ئۆلۈپ كەتتى ئەجەب،
قېنى مېنىڭ قەدىرلىكىم؟
بىلمەپتىمەن، بىلمەپتىمەن،
داغدا قويار دېمەپتىمەن.

## قەمبارنسانىڭ دوستلىرىنىڭ قوشىقى

قەمبەرنسا، قەمبەرنسا،
ئەزدىڭ ئەجەب كۆڭلۈمنى سەن.
شۇنداق غازاڭ قىلامسىنا،
گۈلدىن گۈزەل ئۆمرۈڭنى سەن.

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
دىلكەش جېنىم، قەمبەرنىسا.

چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىپ،
چىقتى بوران، كەلدى قىيان.
ماتەم تۇتۇپ، مۇڭغا پېتىپ،
غەم ـ قايغۇغا چۆمدى جاھان.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا.
قانداق قىلاي مەرەمنىسا.

ئالەمگە بىز ئايال بولۇپ
تۇغۇلمىساق بولغان ئىكەن.
ھۆسنۈڭ سېنىڭ، قەمبەرنىسا،
ئۆزۈڭگىلا بولدى تىكەن.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
دىلكەش خېنىم، قەمبەرنىسا.

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
بىزگە ئۇۋال، قەمبەرنىسا.
ئاھ، دوستۇما، جان دوستۇما،
تاشلاپ بىزنى كېتەمسىنا.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
قانداق قىلاي، قەمبەرنىسا.

# ئاللا خالىدەم[1]

ئاللا خالىدەم، هاممامنىڭ قىزى،
ئالمايمەن دېسەم باشتا، كېلىۋالغان ئۆزى.

ئاللا خالىدەم، هاممامنىڭ قىزى،
ئەمدى ئالاي دېسەم، يېنىۋالغان ئۆزى.

ئالدىڭغا ئۆتۈپ قېشىڭغا كۆيدۈم،
كەينىڭگە ئۆتۈپ چېچىڭغا كۆيدۈم.

تېگىمەن دېگەن چاغدا سۆزۈڭگە كۆيدۈم،
خويمۇ يېقىملىق كۆزۈڭگە كۆيدۈم.

يولدا كېتىۋاتسام نەغمە ئاۋازى،
نېمە بوپتۇ دېسەم، تويىنىڭ ساداسى.

[1] «ئاللا خالىدەم» — ئاپەتلىك يىللاردا ئاشىق ـ مەشۇق هاياتى توغرۇلۇق توقۇلغان قوشاق بولۇپ، ئاهاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلۇپ خەلق ئارىسىدا ناهايىتى كەڭ تارقالغان. بۇ نۇسخىنى شائىر سەلەي قاسىم ئىجادىي رەتلىگەن، مۇزىكىسىنى تۇرسۇن قادىر ئىشلىگەن.

تويلۇقى نىمىكەن دەپ سورىسام، ئىششەك نىم سارجا،
مەنمۇ ئالاتتىم بىر مېتىر سارجا.

سارجا ئالمىسام، تاۋار ئالاتتىم،
تاۋار ئالمىسام، تاغار ئالاتتىم.

مايماق پۇتىڭىزغا مەيسە ئالاتتىم،
مەيسە ئالمىسام، كالاچ ئالاتتىم.

كادىر بولمىسام، دېھقان بولاتتىم،
شوپۇر بولمىسام، هارۋا ھەيدەيتتىم.

سەن توكۇر بولساڭ، خامان باقاتتىڭ،
مەن چولاق بولسام، ئورمان باقاتتىم.

ئاش ئېتەلمىسەڭ، ئۇماچ چالاتتۇق،
نان ياقالمىساڭ، كۆمەچ كۆمەتتۇق.

بىر ئوغلىمىز بولسا، شوپۇر قىلاتتۇق،
بىر قىزىمىز بولسا، دوختۇر قىلاتتۇق.

ئىككىسى مائاش ئېلىپ، ئۆزىنى باقاتتى،
بىزمۇ زوقلىنىپ، گۇلدەك ئۆتەتتۇق.

ئاكىڭىز شۇجىنىڭ رەھمى كەلمىدى،
ئاتىڭىز دوڭغاقنىڭ بەرگۇسى كەلمىدى.

شۇجى باشلىق ھويلىسىغا كۇدە تېرىۋاپتۇ،
ھەرنېمە بولسا خالىدەم ئەرگە تېگىۋاپتۇ.



# ئامىنەم[1]

ئامىنەمۇ ئامىنەم،
لايغا پاتقان، ئامىنەم.
ئانانىڭ يىغلاپ دەردىگە،
قوشاق قاتقان، ئامىنەم.

لاينىڭ تېگىدە يېتىپ،
ئانا دېدىڭمۇ، ئامىنەم؟
ئېزىپ يۈرەك - باغرىمنى،
دادا دېدىڭمۇ، ئامىنەم؟

يامغۇر ياغدى شارقىراپ،
سەلەپ كەلدى غارقىراپ.
قانداق جېنىڭ چىققاندۇ،
ئىككى كۆزۈڭ پارقىراپ.

---

① 1944 - يىلى قەشقەر - ئاتۇشتا شىنجاڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قىبتىملىق چوڭ سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەن. بۇ قوشاق شۇ ۋاقىتتا توقۇلغان ۋە ئاتۇش تەۋەسىدە كەڭ تارقالغان. بۇ نۇسخىنى شائىر سەلەي قاسىم، ئۇچقۇنجان ئۈمەرلەر ئىجادىي رەتلىگەن.

تاغدىن كەلكۈن كەلگەندە،
سەن ئۆيۈڭدە ئۇخلىغان.
سۇ كىرسىمۇ هويلاڭغا،
غەپلەت بېسىپ ئۇقمىغان.

چىقىۋالدۇق تېرەككە،
ئامال بولماي بۆلەككە.
سوغۇق، ئاچلىق ئازابى
بېرىپ يەتتى يۈرەككە.

مال - دۇنيانى لاي باستى،
سەلەپ سۇ ئېلىپ قاچتى.
تىرىك تۇرۇپ دوزاختا
كىردۇق، يۇرت هازا ئاچتى.

كەلكۈن باستى خامانني،
ئېلىپ قاچتى سامانني.
لېۋىمىزنى چىشلىدۇق،
ئالالمىدۇق بىر دانني.

هوشسىز بولۇپ يىقىلدىڭ،
كۆز ئالدىمدا، ئامىنەم.
سەلەپ سۇدا ئاققىنىڭ
بار يادىمدا، ئامىنەم.

قاپاق تېرەك ئالدىدا
ئوينىغانمۇ، ئامىنەم.
سەلەپ بۇنداق كېلەر دەپ،
ئويلىغانمۇ، ئامىنەم.

سەن شورۇقتا بارغۇچە،
چىغىر يولدا ماڭغانمۇ؟
كۆزىمىزدىن كەتمەيسەن،
راست ئۆلدۈڭمۇ - يالغانمۇ؟

ئاناڭ قالدى زار يىغلاپ،
داداڭ قالدى زار يىغلاپ.
قالدى دەردتە - ئەلەمدە،
ياقا يىرتىپ، قان يىغلاپ.

ئۆيگە كىرسەك، ئامىنەم،
كىيگەن ئەتلىسىڭ تۇرۇپتۇ.
باغقا كىرسەم، ئامىنەم،
تەرگەن گۈلۈڭ سولۇپتۇ.

سەن ئاناڭنىڭ ئالدىدا
ئويناپ - كۈلسەڭ بولماستى؟
قامچىگۈلدەك بوي تارتىپ،
ئۆمۈر كۆرسەڭ بولماستى؟

قىسمەت شۇنداق پۈتۈلگەن
پېشانەڭگە، ئامىنەم.
يېتەلمىدىڭ دۇنيادا
مۇرادىڭغا، ئامىنەم.

ئون گۈلۈڭنىڭ بىرىمۇ
ئېچىلمىغان، ئامىنەم.
دەردىڭ تولا، داۋاسى
تېپىلمىغان، ئامىنەم.

ئاخشام ئۆتتى بەش ئاتلىق،
بەشىلىسى ئاق ئاتلىق.
تالىلغىنىڭ، ئامىنەم،
ئەمەت ئىمىن قاناتلىق.

ئېگىز ئۆگزىگە چىقسام،
كۆز ئالدىمدا باغ - تۈزلەر.
قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ
قىلغان چۈچۈك گەپ - سۆزلەر.

بونجالىقنىڭ كەينىدە
سىلەر ئوبدان مۇڭداشقان.
يارىشىپتۇ ئىككىسى
دەپ، كۆرگەنلەر ماختاشقان.

باهار كەلسە، ئەڭ باشتا
پىچان گۈلى ئېچىلار.
ئاشىق بىلەن مەشۇقتا
نۇردىن كىيىپ چىقار.

سىرىق سەبدە، گۈل سەبدە،
موللاق ئاتىدۇ كەپتەر.
ئاپىنەم دەپ يىغلايمەن،
قولۇمدا قەلەم - دەپتەر.

ئاپىنەمنىڭ كۆزلىرى
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
تىقىمىغا چۈشكەن چاچ
شۇنچە ئۇزۇن، قۇندۇزدەك.

قىشى قەلەم، گۈل ئاغزى،
لىۋى سۇزۇك جىنەستە.
خەلقىئالەم قارايتتى
ئاي يۈزىگە ھەۋەستە.

يولىنىڭ بويى سىيدىلىك،
سەل نېرىسى بىدىلىك.
قېنى ئەمدى ئاپىنەم،
گەپ - سۆزلىرى مەززىلىك.

ئامىنەمنىڭ بېغىدا
ئەنجۈر، ئانار، ئەينۇلا.
ئامىنەم دەپ يىغلايمىز،
يۈرەكلەردە دەرد تولا.

ئامىنەمنىڭ چېچىنى
ئاق ناۋاتتا پاتلىغان.
ئامىنەمنى ئەسلىدە
ئەمەت ئىمىنگە[①] ساقلىغان.

بىزنىڭ مەلە تۈز مەلە،
بىر - بىرىدىن ئۈز مەلە.
تەڭ كېلەلمەس زادىلا،
تەرىپلىسەڭ يۈز مەلە.

ئاتۇشنىڭ بازارىدىن
بىر خالتىدا قاق ئالغان.
تەقدىر ئەمەت ئىمىننى
غەمدە قويۇپ، داق سالغان.

دۇتار چالىمەن ئاستا،
بۆگەن بويىدا ساستا.
ئامىنەمنى ئويلىسام،
تۈگىمەيدىكەن ناخشا.

---

① ئامىنەمنىڭ توي قىلىدىغان لايىقى.

ئامىنەمنىڭ قولىغا
ئالتۇندىن ئۈزۈك ئالغان.
ئامىنەمنى سەلەپ سۇ
كۆكسۇمدىن ئۈزۈۋالغان.

سۇدا ئاقتىڭ، ئامىنەم،
لايغا پاتتىڭ، ئامىنەم.
سەن ئاناڭدىن ئايرىلىپ،
قانداق ياتتىڭ، ئامىنەم.

تاڭدا چىققان شامالدىن
سېنى دائىم سورايمەن.
سېنىڭ دەرد - پىراقىڭدا،
ياقا يىرتىپ يىغلايمەن.

مەن قەشقەرگە بارغۇچە،
ئۇزۇن سايدا هاردىممەن.
هېرىپ - ئېچىپ، ئامىنەم،
سېنى ئەسكە ئالدىممەن.

قەشقەر ئۆزى ئۇز شەهەر،
رەستىلىرى ئاۋاتكەن.
تۇمۇچۇقتەك قىزلارنىڭ
گەپ - سۆزلىرى ناۋاتكەن.

مەن ھېيتگاھقا بارغاندا،
مۇنارىغا يۆلەندىم.
ئەلەم بىلەن ھەسرەتنىڭ
بۆشۈكىگە بۆلەندىم.

باشقىلارنىڭ قىزلىرى
ئويناپ - كۈلۈپ يۈرمەمدۇ؟
كۆزى بولسا دۇنيانىڭ،
مەن غېرىبنى كۆرمەمدۇ؟

ئانىنەمنىڭ چاچلىرى،
قاپقارادۇر قاشلىرى.
ئانىنەمنىڭ دەردىدە
تۆكۈلەر ئەل ياشلىرى.

سەن — ئانىنەم بولساڭچۇ؟
خۇشاللىققا تولساڭچۇ؟
مۇشۇ تاپتا قولۇمغا
تۇمۇچۇقتەك قونساڭچۇ؟

ئاۋازىڭنىڭ زىللىقى
ئاشۇ قىزغا ئوخشايتتى.
سايە تاشلاپ كىرپىكىڭ،
ساڭا ھۆسن قوشاتتى.

لەۋلىرىڭدىن گەپ ئەمەس،
ھەسەل، قىيام تاماتتى.
يىغلىساڭمۇ، ئامىنەم،
قۇلىقىمغا ياقاتتى.

ئانا بولدۇم دەپتىمەن،
پاناھ بولدۇم دەپتىمەن.
ئۆز ئانامنىڭ ئېتىنى
ساڭا قويدۇم دەپتىمەن.

كۆرسەڭلار، خالايىقلار،
چىرايىمنىڭ قېنى يوق.
ئامىنەم ئۆلۈپ كەتتى،
يۈرىكىمنىڭ تېگى يوق.

مەن دەردىمنى سۆزلىسەم،
دەردى بارنىڭ ھالى يوق.
سۆزلىمەيمەن، خالايىق،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئاھلىرىما - ئاھلىرىم
سىغماس ھەتتا ئالەمگە.
سۆزلىمەيمەن دەردىمنى
دەرد كۆرمىگەن ئادەمگە.

# مۇز داۋان قوشىقى

يىلقىلارنى ھەيدەمسىلەر
مۇز داۋان بىلەن؟
بىر ياخشىنى قىينامسىلەر
بىر يامان بىلەن؟

ئۇ تاغلاردىن بۇ تاغلارغا
قۇرغۇي سىيلىشتۇق.
كارۋان ئۇزاپ كەتتى، غەم يەپ
يۇرتتا قىيلىشتۇق.

بارار دۇرمىز، يانار دۇرمىز،
ياخشى قىيلىڭلار.
ئىگىز داۋان ئاشار دۇرمىز،
گۇلخان سىيلىڭلار.

ئات يوپۇقى يالىلدايدۇ،
كىمخابتا تىككەچ.

تەييارلاپتۇ يارىم توقاچ،
ماڭسۇن دەپ يېگەچ.

ئات يايلىسى پارقىرايدۇ
كۈننىڭ نۇرىدا.
بۇرۇت، قاشلار قىرودىدى
ئېغىز ھورىدا.

يارىم كەتتى سەپەرگە دەپ،
چەكمە قېشىگىنى.
غورۇلاينىڭ بالىسىدەك
ئەگمە بېشىگىنى.

كۆك مايسىغا ئوتنى ياقسا،
يوقتۇر يانمىقى.
ئاسانمىكىن يار ۋەسلىگە
يۇرەك قانمىقى؟!

ئۇيان ئۆتۇپ، بۇيان ئۆتۇپ،
چىشىگغا تېگەي.
خالىي يەردە تال چىۋىقتەك
بېلىگىنى ئېگەي.

ئات بالىسى تايچاق ئىكەن،
مىنگىلى بولماس.

يارنىڭ سۆزى چاقچاق ئىكەن،
سۆيگىلى بولماس.

ئۇزۇم قۇرۇپ يىمىش بولدى،
يەنە قۇرۇتما.
داۋان ئېشىپ كەتمەك بولدۇم،
مېنى ئۇنۇتما!

## چاي تۇتۇش قوشىقى

ئاققىنا بىلەكىڭگە
خاسا كۆڭلىكىڭ بولاي.
چىمچىلاقتەك بەستىڭگە
شايى رومالىڭ بولاي.
ئۆرگىلىپ تۇرۇپ چاينى تۇتساڭ،
چۆرگىلىپ تۇرۇپ تەزىم قىلاي.
بۇ چاي ئېسىل چاي،
ئىلىدا قايناپ كەلگەن چاي.
دادىكام ئېلىپ بەرگەن چاي،
ئانىكام سېلىپ بەرگەن چاي.
قەغەزدە قاتلىغان چاي،
ناۋاتتا پاتلىغان چاي.
ھېچ كىشىگە بەرمەي،
سىلىگە ساقلىغان چاي.

يۇرەكتە ئوينايدىغان چاي،
تىرناقتا توختايدىغان چاي.

× × ×

قۇشقاچ ئۆلتۇردۇم،
قېنىنى چىقارماي.
پىيالىنى قوللىرىغا ئالسىلا،
جېنىمنى چىقارماي.

باغدا باغۋەن ئالمىسىنى
سەھەردە تۇتار.
مەن يارىمغا چاينى تۇتسام،
شەربەت دەپ يۇتار.

بىر يۇتار، ئىككى يۇتار،
كۆڭلىدە تۇتار.
چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن يارنى
كىممۇ ئۇنۇتار؟

× × ×


چاي دەيدۇ، چاي دەيدۇ،
چاينىڭ قىزماقى بار.

مەقسىتىمىز چايدا ئەمەس،
بىردەم ئولتۇرماقى بار.

دەملەپ بەردىم پەمىلچاي،
سۇزۇپ ئىچمەن دەملا؟
ئەقىدەمنى بىلمەستىن،
تاشلاپ كېتمەن دەملا؟

ئەگەر تاشلاپ كەتسىلە،
مەندەكنى تاپالاملا؟
ھەر قېتىم سېغىنغاندا،
تولغىنىپ ياتالاملا؟

خۇش پۇراقلىق چاي بىلەن
كۆتۈۋاللا.
شۇ چاي بىلەن كۆڭۈلنى
ئۆتۈۋاللا.



# ئېيتىشىشلار①

## 1

قىز: بىزنىڭ ئۆيلەر كۆن چىقىشتا،
تونۇيالىغايمۇسىز؟
ئالتۇن زەنجىرلىك ئىشىكنى
ئاچالىغايمۇسىز؟
ئانام كۆڭلى كالاۋاتۇن،
يېشەلىگەيمۇسىز؟
دادام كۆڭلى ئەزىم دەريا،
كېچەلىگەيمۇسىز؟

يىگىت: سىزنىڭ ئۆيلەر سۇ بېشىدا،
باقسا تېپىلار.
ئالتۇن زەنجىر قىز ئىشىكى،
تەپسە ئېچىلار.

---

① «ئېيتىشىش» نامىدىكى بۇ قوشاقلار ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى يۇرت - مەھەللىلەردە ئوخشاشمىغان ھالدا ئېيتىلىدۇ. مەشرەپ ۋە توي - مەرىكىلەردە ئېيتىلغاندا ئۆزىگە خاس ئاھاڭغا سېلىنىدۇ.

ئانىڭىز كۆڭلى كالاۋاتۇن،
يەشسە يېشىلەر.
دادىڭىز كۆڭلى ئەزىم دەريا،
كەچسە كېچىلەر.

× × ×

قىز: ئېرىق بىلەن ماڭساڭچۇ،
بېدىلىكنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى قىلساڭچۇ،
غېرىب كۆڭلۇمنى كۇل قىلماي.

يىگىت: ئېرىق بىلەن ماڭ دەيسەن،
ماڭسام ھەر تەرەپتە يول.
دوستتىن تولا دۇشمەن بار،
يار، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول!

× × ×

يىگىت: تام تۆپىدە تۆت قوغۇن،
ئىككىسى بىشەكشىرىن.
ياندىشىپ تۇرغان يارنىڭ
لەۋلىرى ئەجەب شېرىن.

قىز: ياندىشىپ تۇرغاندىمىز،
مۇڭدىشىپ تۇرغاندىمىز.

ئاتا - ئانىنى تاشلاپ،
سوئدىشىپ ماڭغاندىمىز.

× × ×

يىگىت: سىرلىق ساندۇق سىرى سىز،
پەرىلەرنىڭ پىرى سىز.
ئوينىاي دەيدۇ كۆڭلىمىز،
ئەمما، قورقۇپ تۇرىمىز.

چوكان: سىرلىق ساندۇق سىرى بىز،
جۇۋانلارنىڭ پىرى بىز.
ھېچ نەرسىدىن قورقمايمىز،
يامان ئىشتىن نېرى بىز.

يىگىت: ياغلىقىڭىز رەڭمۇرەڭ،
سەل سىلىقراق گەپنى دەڭ.
لەۋلىرىڭىز سۇزۇككەن،
ئالما بېرەي، ئېلىپ يەڭ.

چوكان: ئالمىڭىزنى يېمەيمەن،
يېسەم مەيدەم ئاغرىيدۇ.
يار ئۇستىگە يار تۇتسام،
يارنىڭ كۆڭلى ئاغرىيدۇ.

## 2

پاششاپ: پاششاپ ئىدىم مەشرەپكە،
چىنە تۇتاي سىلىگە.
ئۆرگىلىپ ھەم چۆرگىلىپ،
تەزىم قىلىسىلا بىزلىگە.

قىز: رەھمەت دەيمۇ سىلىگە،
تەزىم دەيمۇ سىلىگە.
گەپىنىڭ راستىنى ئېيتسام،
كېلەلمەيلا تەڭ بىزگە.

پاششاپ: دەررە بەرسەم تۇتاملا؟
باب كەلگەننى تاپاملا؟
بىزنى قېرى كۆرۈپلا،
ياش يىگىتنى تاپاملا؟

قىز: بۇ گەپلىرى جايىدا،
ماڭا بەرسىلە دەررىنى.
قايسى يىگىت بېرەركىن،
بىزدەكلەرگە مەيلىنى.

يىگىت: ھەشقاللا دەيمۇ سىلىگە،
دەررىنى ماڭا بەرسىلە.

چىنە تۈتاي چاي بىلەن،
بىيىت بىلەن ئىچىسلە.

قىز: بىيىت دېگەن بىزلەرنىڭ
مەشرەپلەردە قايىنايدۇ.
بىز بىلەن چاي ئىچىسلە،
يۈرەكلىرى ئويىنايدۇ.

يىگىت: قوللىرى نازۇك ئىكەن،
تۈتالامىلا چىنەمنى.
سىلىدەك بىر جۇۋانغا
قانداق تۈتاي سىنەمنى؟

قىز: كىچىككىنە چىلگەم بار،
پىچىپ بەرسەم يەلىمۇ؟
گەپلىرى قولاشمىدى،
يىراق يەردىن كەللىمۇ؟

يىگىت: كەلدىم ئىزدەپ يىراقتىن،
جۇۋان ئەمەس، قىزلارنى.
ئەسلىي يۈرتىمىز مەكىت،
سوراپ قالسىلا بىزلەرنى.

قىز: ياراتامىلا جۇۋاننى،
قىزىق ئىكەن گەپلىرى.

خېلى يەرگە بېرىپتۇ
تارتىپ ئۆتكەن دەردلىرى.

يىگىت: دەردىمىزنى سورىمىسىلا،
يۈرىكىمىز ئوت بىزنىڭ.
قاراپ باقسىلا ئارقىغا،
كۆزى بىزدە ئۇ قىزنىڭ.

قىز: كۆز دېگەن بار ھەممىدە،
لېكىن، بىزگە ئوخشىماس.
سىلى دېگەن بۇ سۆزلەر
ھەرگىز جىڭدا توختىماس.

يىگىت: مەشرەپلەرگە تارتسىلا،
يەنە قانداق بېيىت بار؟
باردۇر نۇرغۇن گەپلىرىم،
بۇ جاي بىزگە بەكمۇ تار.

3

قىز: ئوينايلى ئۇسسۇل، نازلىنىپ
پەنەۋەرنى تۇگەتتىلە.
چىنە، دەررە ئوينايلى،
خېلى قىزىپ كەتتىلە.

يىگىت: كۆزلىرىدىن نۇر ياغىدۇ،
چىنە سۇناي، تۇتاملا؟
ئايلىنىپ تاپتىم يەنە،
ياكى مېنى ئۇتاملا؟

قىز: چىنىلىرى توشماپتۇ،
چىدىمايلا نېمىشكە؟
ئالدىرىمىسىلا سورۇندا،
ئېغىز تەگسۇن كىشمىشكە.

يىگىت: كەلمەي تۇرۇپ ئالدىمغا،
نېمانداق يوغان گەپلىرى.
ئوينىمايلا نېمىشقا،
يالغانمىدى خەتلىرى؟

قىز: تېخى جاۋاب بېرەلمەي،
تەس بولدىغۇ كۈنلىرى.
مۇشۇ بىر بېيىت بىلەن
ئۆچۈپ كەتتى ئۈنلىرى.

يىگىت: بېلىمىز چىڭ باغلاقلىق،
ئېگىلمەيدۇ ئالدىراپ.
بېيىتلىرى قىزنىڭكەن،
تۇرۇپ قاپتۇق گاڭگىراپ.

قىز: بەللىرى بوشكەن، ئەي يىگىت،
پونى بۇنچە ئاتمىسىلا.
كۆزلىرىدىن بىلىندى،
قۇرۇق گەپنى ساتمىسىلا.

يىگىت: ئوسمىنى دەمدەك قويۇپ،
قاراشلىرى باشقىچە.
يىگىت تاللاپ يۇرۇپلا،
ئوتتۇز - قىرىق ياشقىچە.

قىز: ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئۆتۈكلىرىنىڭ پاشنىسى.
يىگىت: قارىسام تولا ئىكەن،
سىزجۇۋاننىڭ ئاشنىسى.

قىز: ئاشنا دېگەن، بىلسىلە،
بېغىشلايدۇ ھۇزۇرنى.
يىگىت: تېپىۋاپلا ئەجەبمۇ
سىڭا سۆڭگەچ پۇزۇرنى.

قىز: ئوڭ ۋە تەتۇر چۆرگىلەپ،
قېيىپ قاپتۇ باشلىرى.
يىگىت: ئېيتىپ باقسىلا، ھەي جۇۋان،
قانچىدە بار ياشلىرى؟

قىز: نېمانداق سەت گەپلىرى،
ئادەم ئەمەس ئوخشايلا.
يىگىت: ياشلىرىنى يوشۇرۇپ،
نېمانچىلا قاقشايلا؟

قىز: كۆڭلىمىز دەريا بىزنىڭ،
قۇرۇق گەپنى ساتمىسىلا!
يىگىت: ئۇنداق بولسا ياخشىكەن،
تولا گەپ ئويناتمىسىلا!

قىز: بولدى قىلاي سۆزۈمنى،
يۈرەكلەرگە تەگدىمۇ؟
كۆزلىرىدىن بىلىندى،
باشلىرىنى ئەگلىمۇ؟

يىگىت: غىلدىر - غىلدىر چاپمىسىلا،
ئويۇنغىلى بىز ياخشى.
دەردى يامان جۇۋاندىن
سىڭا سۆڭگەچ قىز ياخشى.

قىز: كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ،
چىللاپ كەللە ئۆزلىرى.
شۇنچە ئاۋارە قىلىپ،
ئاشۇمىدى سۆزلىرى؟

يىگىت: تەزىم قىلسىلا بىزگە،
دەررىنى بېرەي سىزگە.
ئويىنىسۇن ئۇسسۇل ياشلار،
رەھمەت ئېيتىشىپ بىزگە.

4

قىز: يول دېسە، يول بېرەملا
يارىم بار ياققا.
يىگىت: سۇ دېسەم، سۇ بېرەملا
چىنە - ئاياقتا.

قىز: سۇ دېسىلە، سۇ بېرەي،
يارلىرى قاياقتا.
يىگىت: ئەسلىي يارىم ئۆزلىرى،
تۇرىلا قاراقتا.

قىز: چاقچاق قىلمىسىلا، قانداق
پاتىمەن چاناققا؟
يىگىت: بىز ئايلانغان بۇرۇنلا
بىرجۇپ قوشماققا!

# تويـ - مەرىكە ۋە مەشرەپ بېيىتلىرى

1

ئاۋاتقىنە يۇرت ئىچىدە
ئايىنىغان بوستان تېرەك.
بوستان تېرەكنىڭ تۈۋىدە
ئولتۇرۇپتۇ سېكىلەك.
سېكىلەكنىڭ گۈل يۈزىگە
ئۇپا - ئەڭلىك بىكېرەك.
سېكىلەكنى كۆردۈم، شۇئان
ئەلمۇردۇم دىۋانىدەك.
ئاتتىم ئۆزۈمنى جۇرئەتتە،
جاندىن كەچكەن پەرۋانىدەك.

2

تال باراڭلىق هويلىدا
ئايدەك يانتان قارا قاش.

ئازغانسالنىڭ يولىدا ①
ئاتنى چاپقان قارا قاش.

قارا قاشقا خەت ئەۋەتتىم،
بىر تۇتام غۇنچە بىلەن.
ئەقلى بولسا خەتنى ئالسۇن،
ياغۇنچىنى پەملىك لەۋەن.

**3**

ئاتلىرىنى ھەيدەپ قوياي كۆرپە ، قىياققا،
ئۆزلىرىنى باشلاپ باراي دەريا ، بۇلاققا.
ئىچسىلە گەر سۇ بېرەي چىنە ، تاۋاقتا،
سورىسىلا يول كۆرسىتەي كۆز ۋە قاراقتا.
كېچە - كۈندۈز كۈيمەكتىمەن ئىشق - پىراقتا،
سىلى ئۈچۈن جان بېرۇرمەن خەنجەر ، پىچاقتا.

**4**

بار چىرايلىق كۆرپە جۇۋام،
دۇخاۋا تاشلىق.
ئەل كۆزىدە بىر يارىم بار،
ئون سەككىز ياشلىق.

---

① ئازغانسال — قاغىلىق چوپان يېزىسىدىكى مەھەللە.

تەك شىخىدىن سۇ تامغاندەك،
كۆزلىرى ياشلىق.
قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك،
قوشۇما قاشلىق.

5

ۋاپاسىز يار دەردىدە
تېنىمدە ماغدۇر قالمىدى.
ئايلاپ كېسەل تارتقاندەك،
هاياتتا هوزۇر قالمىدى.

كۆچ - تېۋىگە كەلگەن هامان،
قانات ياساپ ئۇچسا كىشى.
يۇرتمۇيۇرتلارنى كېزىپ،
ئۆز يارىنى تاپسا كىشى.

6

ئات مىنىپ سەپەرگە چىقسا،
ئويناپ كېلەرىنى بىلمىدىم.
ئالتە كۆنلۈك يار بولۇپ،
تاشلاپ كېتەرىنى بىلمىدىم.
ئۆزلىرى خۇشخۇي يىگىت،
ياخشى تۇرغاندۇ، دېدىم.

خەت - خەۋەرلەر كەلمىگەچكە،
ئاشنا تۇتقاندۇ، دېدىم.

7

ئەسسالام، دەپ ئۆيگە كىرسەم،
ئۆيدە مېھمان ئولتۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.
چاچلىرى بەلگە چۈشۈپتۇ،
توملۇقى بىر قىلچە يوق،
سۆلىتى ئالەمچە باركەن،
قىممىتى بىر پۇلچە يوق.

8

بەلۋېغىمنى كۆك بوياتتىم،
ياغلىقىمنى هاۋارەڭ.
بىزنىڭ باغدا ئۆرۈك پىشتى،
كېلىپ كۇندە غورا يەڭ.
غورىڭىزنى كىملەر يەپتۇ؟
بېغىڭىزنى چىتلىماي.
ئاشنىڭىزنى كىم بۇزۇپتۇ،
پات - پات كېلىپ يوقلىماي.

## 9

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرادۇر
غۇنچە بويلۇق شوخ يىگىت.
ئالما ئاتسام قارىمايدۇ
بەك تاقەتلىك، توق يىگىت.
تاقىتىڭگە گۈل تېرىدىم،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
مېنى تاشلاپ كەتسىمۇ يار،
ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم .

## 10

ئۈنچىنى مارجانغا تىزدىم،
راست گۆھەر بولغايمۇ دەپ.
شۇل يارىمغا بېيىت ئەۋەتتىم،
مېھىرگە تولغايمۇ دەپ.
بېيىتىم تەگكەچكىمۇ،
شېرىن - شېكەردۇر سۆزلىرى.
ھەرقانچە قىلساق گۇناھ،
ئەپۇ قىلالا ئۆزلىرى.

## 11

ئورمىكىنى ئورۇپ قويدۇم،
ئەنجىكىنى سايلىماي.

يېنىڭىزدىن يار تۇتتۇم،
ئۇتىڭىزغا پايلىماي.
بىر ئۆمۈر خۇشال ئۆتەرمەن،
سىز يارىمنى تاشلىماي.

## 12

تاڭ سەھەرنىڭ سالقىنى زەپ
ئۆتتى بۇ ھويلا بىلەن.
شۇل جۇۋانغا گۇل ئۇزاتتىم،
بىر تۇتام لويلا بىلەن.
ئەقلى بولسا گۇلنى ئالسۇن،
پەمى بولسا لويلىنى.
ئەتە - ئۆگۈنلەر كۆرەرمىز،
سۆيگەن يارى — لولىنى.
تاللىسۇن - تاللىمىسۇن،
مەنچە مۇلايىم ئەمەس.
ۋاپادارىم بار مېنىڭ،
بىۋاپا لازىم ئەمەس.

## 13

ئالمىزارلىق باغقا كىرسەم،
ئالما تۇۋى لاي ئىكەن.
ئارزۇلاپ تۇتقان شۇ يار،

بەگۋاش توسۇن تاي ئىكەن.
ئۇندىسەم ئىندەككە كەلمەس،
ئۆگەتمىگەن قورغۇيۇم.
ئۆگەتمىگەن قورغۇيۇمغا
كۆڭۈل بېرىشكە نە يولۇم!

## 14

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
ئاققىنە تونى كىيىپ.
بېلىدە زەيتۇنە ياغلىق،
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.
تال چىۋىق باراڭ بولارمۇ،
تال بىدىشتىن كۆپ يىراق.
كۆڭلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
ئۆيىمىز ئاندىن يىراق.
ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ۋەدىسىدە تۇرمىغانلار
مەشرەپ ئەھلى بولمىسۇن.

## 15

ئاققىنا كۆڭلەك كىيىپسىز، كۆككىنە جىيەك تۇتۇپ،
ئاشنىڭىز يوقمۇ، خېنىم، ئولتۇرىسىز ئېگەك تۇتۇپ؟

## 16

قارا قاش يار ئولتۇرادۇر باغچا ئىچىدە،
گۈللىرى ھەم ئېچىلىپتۇ غۇنچە ئىچىدە.
گۈللىرى پۇراق چېچىپ مەستانە قىلدى،
ئوتلىرى گۈلخان بولۇپ دىۋانە قىلدى.

## 17

مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
دەرد - پىغانىمنى قېتىپ.
يار خىيالى نېمە ئىكەن،
مەندەك يېتىمنى يىغلىتىپ.
خەتكە جاۋاب كەلمىگۈچە،
ئولتۇراي ئويغا پېتىپ.

## 18

قېشى قارا، مەڭزى قىزىل،
كۆزى چولپان، ئاق بىلەك.
ئۈز جانانىنى بىر كۆرۈپلا،
كۆيدى ئاڭا، پاھ، يۈرەك.
ئوت تېخى بەك يانغۇدەك!

## 19

كېلەرمىكىن، كەلمەسمىكىن،
مېنىڭ يارىم قارا كۆز.
قارا كۆزنى بىر كېلەر دەپ،
تەييارلىدىم شېرىن سۆز.
كەلسە تېزرەك ئاشۇ يارىم،
ئېيتىۋالسام سۆزۈمنى.
سۆزۈمگە سۆز قايتۇرۇپ ئۇ،
خۇش قىلار دىل — كۆزۈمنى.

## 20

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ.
كەتكىنىگە قاراپ قالدىم،
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ.
زەپىرەڭ قايدا بولۇر؟
سۇ بويىدا لايدا بولۇر.
كۈندە كۆرسەم شۇل يارنى،
كۆزلىرىم يولدا بولۇر.

## 21

قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم،
سىياھ بىلەن سۆز.
ساپ ئالتۇندا ئۈزۈك ئەتتىم،
ياقۇت بىلەن كۆز.
مەن يارىمغا خەتلەر يازدىم،
قۇرلىرى تۇپتۇز.
بېرىپ قولىغا تەگكەن ھامان،
ئوقارمىكىن يۈز.
ئاق قەغەزگە سىغمايدىكەن
يۈرەكتىكى سۆز.
سىغمىغاننى ئەتە يازاي،
جانىم قارا كۆز.

## 22

ئىلىدىن چىققان يىگىتنىڭ
تونى بار تۈگمەسى يوق.
بېشىغا گۈل قىسىۋاپتۇ،
بەرگى بار، غۇنچەسى يوق.
گۈلنى ئالدىم، كۆپكە سالدىم،
كۆپتە ھاراق بار ئىكەن.
قارىسام ئايۋان - سارايغا،

ئۆندا يارىم بار ئىكەن.
ئوڭ قولۇمغا جامنى ئالدىم،
سول قولۇمغا شام - چىراغ.
شام - چىراغدا كۆيگۈچە،
مەشرەپتە كۆيگەن ياخشىراق.

23

خەت بىلەن خالتا ئەۋەتتىم
مېھرىبان يارىم ساڭا.
ئوقۇتۇپ ئىلكىڭگە ئالغىن،
يەتكۈسى ھالىم ساڭا.
چىنە - چىنە سۇ ئىچەرمەن،
ئاھ، يۈرىكىم كۆيدى دەپ.
بۇ قوشاقنى ساڭا ئېيتتىم،
دەردىم ئەمدى پۈتتى دەپ.

24

تام ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ
بوينى ئالا بوزلاچىن.
مەلىڭىزگە يېڭى كەلدۈق،
ھەر تەرەپتىن يول ئېچىڭ.
مەلىڭىزنى سۇ بېسىپتۇ،
ئۆتكۈدەك يەر بارمىكىن؟

يۈزىڭىزدىن نۇر يېغىپتۇ،
سۆيگۈدەك يەر بارمىكىن؟

## 25

كەچتە چىققان ئايغا ئوخشاش،
ئۇز مۇبارەك يۈزلىرى.
تاڭدىكى چولپانغا ئوخشاش،
زەپمۇ نۇرلۇق كۆزلىرى.
قارلىغاچنىڭ قاناتىدەك
قارا - قارا قاشلىرى.
ئۆزلىرىگە كەلمىگەي تەڭ
كۇللى ئالەم ياشلىرى.

## 26

ئاققىنا ئايدەك يۈزۈڭگە
قاپقارا خالىڭ بولاي.
كېچىسى بىللە يېتىپ،
كۈندۈز خۇمارىڭ بولاي.
بىۋاپا بۇگۈن بارار،
تاڭلا ئۇنتۇغاي يارىنى.

ئەھلى ۋىجدان ئۇنتۇماس،
قەدىناس دىلدارىنى.

## 27

ئېيتىڭلار، قاچان كۆرەرمەن
ئامرىقىمنىڭ ئۆزىنى.
ياغلىقىمغا تۇگۇۋالدىم
سايدا باسقان ئىزىنى.
سايدىن ئالغان شۇ توپىنى
كۆزۈمگە سۇرمە قىلاي.
يارىمنى ئۇيقۇدا تاپسام،
لېۋىدىن سۆيۈپ ئالاي.

## 28

ئوتىڭىز تەگدى جېنىمغا،
ئۇستىخانىمنى شىلىپ،
ئەلگە تۇيدۇرماي يۇرەتتىم،
گاھى يىغلاپ، گاھى كۈلۈپ.
قاپقارا بوستان ئىچىدە
ھۇۋقۇش بولۇپ، «ھۇۋ» دېدىم.
ئوت - پىراققا چىدىيالماي،
ئۆپكەم قۇرۇپلا، «سۇ» دېدىم!

## 29

بىزنىڭ يۇرت ئەجەب ياخشى،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى.
يۇرتۇمدا بىر يارىم بار،
بوزلاچىنىڭ بالىسى.
بوزلاچىننى قويۇۋەتتىم،
ئۇچتى كۆكنىڭ قەرىدە.
مەن يېتىم ئاۋارە بولدۇم،
قارا كۆزنىڭ دەردىدە.

## 30

ئاي بىلەن كۈننى قېتىپ،
ئەلچى ئەۋەتتىم يار ساڭا.
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.
لەۋەن يارىم سۇ تىلەيدۇ،
مەن تىلەپ قايان باراي؟
جامدا بەرسەم ئۇنىمايدۇ،
تەمتىرەپ قايان باراي؟

## 31

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن،
يولدا قويماڭلار مېنى.

يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چۆلدە قويماڭلار مېنى.
مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن.
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن.

32

كۆرگىلى كەلدىڭمۇ، يار؟
كۆيدۈرگىلى كەلدىڭمۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلارنى
ياندۇرغىلى كەلدىڭمۇ؟
ئالدىم قولۇمغا بىر راۋاب،
چىقتىم سېنى ئىزدەپ سوراپ.
تاپسام سېنى ئالەم كېزىپ،
سۆيەر ئىدىم قەندەك شوراپ.

33

ئاۋۋال ئاخشامدا يېتىپ،
دەرياغا سالدىممەن كېمە.
مەيلى ئاقسۇن ياكى چۆكسۇن،
سەن ئۈنىڭدىن غەم يېمە!
يارىم مېنىڭ خۇشخۇي چىراي،

ئوتۇڭ يامان قانداق چىداي؟
ئىشقى ئوتۇڭدا مەست بولۇپ،
ئون كۈندە بىر ناشتا قىلاي.

## 34

سەن مېنى يار ئەتمىدىڭ،
ئەقلى كىچىك نادان كۆرۈپ .
كىم ئۆلۈپ قاپتۇ جاھاندا،
يارسىز تەنها يۈرۈپ؟ !
سەن مېنى يار ئەتمىگەنگە
يارسىز قالدىمۇ مەن؟
قايرىلىپ بىر باقمىغانغا،
چارىسىز قالدىمۇ مەن؟
سارغايغانغا ئۆلمىگەيمەن،
ياكى قايرىلغان بىلەن.
يارمۇ ئۆلمەيدۇ ھەرگىز،
مەندىن ئايرىلغان بىلەن.

## 35

سارىيىڭغا ئاچتىم دېرىزە،
كىرپىكىم پەنجىرىسى.
كۆپ زامانلار كۆرمىدىم سېنى،
نە قىلاي ئەل ئارىسى.

ئەل ئارىسى بولمىسا،
كۈندە كۆرەتتىم مەن سىنى.
بويلىرىڭغا چىرمىشىپ چىك،
ھەردەم سۆيەتتىم مەن سىنى.

## 36

تاڭ سەھەردە ئىز ساپتۇ
قارا ئاتنىڭ تۇيىقى.
شۇل يارىمغا يارىشىپتۇ
قارا كۆرپە تۇمىقى.
قارا كۆرپە تۇماقنى
مەخمەل بىلەن تاشلىغان.
يارىمنىڭ سالىمىنى
يۈرىكىمدە ساقلىغان.
ساقلىدىمىۇ، ساقلىدىم،
نومۇس بىلەن ساقلىدىم.
سالمىدىم كۆز ئۆزگىلەرگە،
ئەسلا قاراپ باقمىدىم.

## 37

ئاققىنا قۇشقاچ بولۇپ،
قوندۇم ئۈزۈمنىڭ شاخىغا.
ھەر كىشى مەندەك كۆيەمدۇ

يېڭى تۇتقان يارىغا؟
ھەر كىشى مەندەكلا كۆيسە،
يېڭى تۇتقان يارىغا،
ھەر سەھەر دۇئا قىلارمەن،
شۇ يىگىت ئىنساپىغا.

## 38

غىپ كىرىپ، غىپلا چىقادۇ،
تۇڭلۇكۇڭدىن قارلىغاچ.
نەگە بارساڭ، نەدە تۇرساڭ،
قولتۇقۇڭدا ئاق توقاچ.
ماڭا ئوخشاش بىتەلەيىنىڭ
نەگە بارسا قارنى ئاچ.
بەرمىسەڭمۇ توقىچىڭدىن،
بىر قارىغىن، چىراي ئاچ.

## 39

باغقا كىردىم ئالما يەي دەپ،
ئالما تۇۋى لاي ئىكەن.
باغدا بىر يار ئۇچرىدى،
كۆندۈرمىگەن غورۇلاي ئىكەن.
كۆندۈرسەڭ كۆندۈر مېنى،
كۆندۈرمىسەڭ، كەتكىن يىراق.

ئوك يېنىمدا ئوت كۆيەدۇ،
سول يېنىمدا ئىشتىياق.
ئىشتىياقنى تولا تارتىپ،
ھېچ مادارىم قالمىدى.
روچىۋىندەك سارغىيىپ،
ئۇچارغا ھالىم قالمىدى.
روچىۋىن بولسا كىشى،
ئۇچسا قاناتىنى سوزۇپ.
بۇ يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
ئۆز ياردىن ئۈمىد ئۈزۈپ؟!

## 40

تاغدا چىققان چولپاندەك
كۆزلىرىڭدىن ئايلىناي.
تال چىۋىقتەك بەللىرىڭ،
نازلىرىڭدىن ئايلىناي.
قاشلىرىڭ خۇددى ھىلال ئاي،
كىرپىكىڭدىن ئايلىناي.
پەرقى يوق بوستان بىلەن،
چاچلىرىڭدىن ئايلىناي.
لەۋلىرىڭ جىنەستىدەك،
چىشلىرىڭدىن ئايلىناي.
ئاي بىلەن ھۆسن تالاشقان
گۈل يۈزۈڭدىن ئايلىناي.

سۈتكە ئوخشاش كۆڭلى ئاق
خسلىتىڭدىن ئايلىناي.
سۆزلىرىڭ بالۇشېكەر،
ھېكمىتىڭدىن ئايلىناي.
ئايلىناي، قىز، ئايلىناي،
رۇخسارىڭدىن ئايلىناي.
بىر ئۆمۈر ياشاشقا رازى،
باشقىسىغا قارىماي.

## 41

ۋاھ، سېنى ياد قىلىپ، جېنىم قارا قاش،
ئاقىدۇ كۆزلىرىمدىن سەلەپتەك قان - ياش.
كېچىلىرى ئەسكە ئالسام ئۇيقۇم ھارام،
كۇندۇزلىرى مەڭزىمدە «سۇ» تارام - تارام.
تۈن - كېچىلەر كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچتى،
جان - جىسمىمغا، ئاھ، بىراقلا ئوت تۇتاشتى.
گۈلخان ئىچىدە تەن - ۋۇجۇدۇم كۆيدى تامام،
بۇ ھالىمغا ھەيرانۇھەس قالدى ئاۋام.
سېغىندىمەن، كۆپ سېغىندىم ئۆزلىرىنى،
ياد ئەيلىدىم مېھىر پەۋەس كۆزلىرىنى.
قىزىلگۇلدەك شۇ چىرايلىق يۈزلىرىنى،
قەنت - ناۋاتتىن چەندان شېرىن سۆزلىرىنى.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAxOTIzNTguemlw",
  "filename_decoded": "40192358.zip",
  "filesize": 5359510,
  "md5": "8056d14847e2ab2a1cf962badc283b52",
  "header_md5": "2c9bf20eb7001b886fddcc9fed103c55",
  "sha1": "f14c79587d7fdee0c590ab9ab2091afedc574f5c",
  "sha256": "c1d2ddf3d9e33984ada4cc501081b70018412183a7fc0f4927dc430adab43c41",
  "crc32": 341414364,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 5443295,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2567\u2593\u255f\u221e\u2555\u03a6\u2565\u00d1\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40192358",
  "pdg_main_pages_found": 187,
  "pdg_main_pages_max": 187,
  "total_pages": 202,
  "total_pixels": 615183360,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}